چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# قىزىل ۋە قارا

ستېندال [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

**责任编辑**: 穆巴拉克·阿帕尔

**美术编辑**: 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

**责任校对**: 海来提·阿比提
艾比布拉·艾力

**审　　订**: 亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**红与黑** (维文)

托合提·巴克 译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
开本: 787×970 毫米 1/32 印张: 7.5
ISBN 7-80658-927-9

定价: 7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话: 0991-4521461

بۇ كىتاب جۇڭگو باللار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# قىزىل ۋە قارا

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
فورماتى: 787 × 970mm 1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 7.5
ISBN 7 - 80658 - 927 - 9

باھاسى: 7. 50 يۈەن

# مۇندەرىجە


ژيۆلىېن سورېل ........................................ 1
رېنال خانىم ........................................ 12
مۇھەببەت ........................................ 26
تەلەي ۋە ئۇنىڭ يوقىقا چىقىشى ........................ 43
ۋېرىيېردىن ئايرىلىش ........................................ 50
ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى ........................................ 59
سىناق ........................................ 68
دەسلەپكى قەدەمدە كۆزگە كۆرۈنۈش ........................ 77
كۇتۇلمىگەن ئىش ........................................ 86
پارىژغا كېلىش ........................................ 95
دۆتلۈك قىلىش ........................................ 107
ماتىلدا خانقىز ........................................ 120
ئازابلىق سۆيگۈ ........................................ 134
ئالاھىدە ۋەزىپە ........................................ 149
مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ........................................ 162
كۈچ سىنىشىش ........................................ 173
بىكارغا كەتكەن ئەجىر ........................................ 186
خاتىمە ........................................ 195
ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ........................ 208

# ژيۇلېن سورېل

كىچىككىنە ۋېرىيېر شەھىرى فرانش كونتې ئۆلكىسى بويىچە ئەڭ گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. قىزىل كاھىش ئۆگزىلىك، مۇنار شەكلىدىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەر تۆپىلىك بويلاپ سېلىنغانىدى. ئۆرۈلۈپ ئاز ـ تولا قالدۇقلىرى قالغان شەھەر سېپىلىنىڭ نەچچە يۈز قەدەم نېرىسىدا دۇب دەرياسى شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى.

شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىنى يۇرا تاغ تىزمىسىنىڭ بىر تارمىقى توسۇپ تۇراتتى، تاغدىن شىددەت بىلەن چۈشىدىغان بىر ئېقىن ۋېرىيېر شەھىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ دۇب دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. بۇ ئېقىن يول بويى نۇرغۇن ياغاچ تىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ ماشىنىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى. بۇ ئاددىيغىنا بىر سانائەت بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ئاھالىلىرىگە ھەقىقەتەنمۇ خېلى كۆپ نەپ بېرەتتى.

شەھەرگە كىرىشىڭىز بىلەنلا قانداقتۇر ھەيۋەتلىك بىر ماشىنىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى قۇلاق ـ مېڭىڭىزنى يەپ كېتەتتى. مىخ ئىشلەپچىقىرىدىغان بۇ زاۋۇت مۇشۇ شەھەرنىڭ باشلىقىغا مەنسۇپ ئىدى.

ۋېرىيېر شەھىرىنىڭ باشلىقى دې. رېنال ئەپەندى ناھايىتى ئالدىراش ھەم ناھايىتى سالاپەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سالاپەتلىك قىياپىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم دەرھال شىلەپىسىنى ئېلىپ سالام بەرمەي قالمايتتى. چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، ئۇچىسىغا دائىم بىر خىللا كۆل رەڭ كىيىم كىيىۋالىدىغان، بىرنەچچە ئوردېن ئالغان، كەڭ پېشانىلىك، ئىلمەك بۇرۇن بۇ ئادەم خېلى قاملاشقان بولۇپ، مېھرى ئىسسىق كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ بەزىدە ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، ئۆزىگە بەكلا تەمەننا قويىدىغان، كەم ئەقىل، بىلىمسىز، ئىدىيىسى قاتمال ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىز بۇ ئادەمنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئۆزىگە قەرزدار ئادەملەردىن قەرزىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇندۇرۇۋېلىش، خەققە قەرزدار بولۇپ قالغاندا بولسا، قەرزىنى ئىلاج بار كەينىگە سوزۇش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسىز.

شەھەر باشلىقى ئەنە شۇنداق ئەرباب ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى ئىسپانىيە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرلەرنى لۇئى XIV بويسۇندۇرۇشتىن خېلى بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئەجدادى بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان ئىكەن. ئۇ 1815 ـ يىلى شەھەر باشلىقى ئورنىغا چىققان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ سانائەتچى ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلىشقا باشلىغان.

ھاۋا ئوچۇق كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، دې. رېنال ئەپەندى رەپىقىسى بىلەن «ساداقەت» چوڭ كوچىسىنى بويلاپ سەيلە قىلىپ كېتىۋاتاتتى. 30 ياشلارغا كىرىپ قالغان رېنال خانىم يەنىلا ئىنتايىن ياش كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ كېيىگە قولاق سالغاچ، كوچىدا ئويناۋاتقان ئۈچ ئوغلىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەنسىزلىك بىلەن كۆزىتەتتى. 11 ياشقا كىرىپ قالغان چوڭ ئوغلى پات ـ پات رېشاتكا يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ياماشماقچى بولاتتى. بۇنداق چاغدا ئانىسى مۇلايىم ئاۋازى بىلەن «ئادولف» دەپ چاقىرىپ قوياتتى ـ دە، بالا نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولاتتى. تۇيۇقسىزدىن رېنال خانىم ۋارقىرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى رېشاتكا ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى، بالىنىڭ چۈچۈپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن قورققان رېنال خانىم ئۇنى چاقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاخىر بالا ئۆزىنىڭ جەسۇرلۇقىدىن پەخىرلىنىپ كۈلۈپ ئانىسى تەرەپكە قارىدى ۋە ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ رېشاتكىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئۇ بالىنى ئوبدانلا ئەدەپلەپ قويدى.

بۇ ۋەقە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ پارىڭىنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

— مەن ياغاچچىنىڭ ئوغلى سورېلنى ئۆيىمىزگە ئەكىلىپ ئىشلىتىش قارارىغا كەلدىم، — دېدى دې. رېنال

ئەپەندى، — ئۇ بالىلىرىمىزغا قارايدۇ، بولمىسا بۇ شوخ ـ تەنتەكلەر تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ يىگىت ياش دىن تارقاتقۇچى ئىكەن. لاتىن تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن، ئۇ بالىلىرىمىزنى ئوبدان تەربىيىلەيدۇ، چىركاۋدىكى پوپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يىگىت بەك تەلەپچان ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا 300 فرانك مائاش بېرىمەن ھەم تامىقىنى كۆتۈرىمەن. پەقەت ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزىدىن ئازراق شۈبھىلىنىمەن، چۈنكى ئۇ سابىق ھەربىي تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئامراق جىيەنى ئىكەن، ئۇ قېرى دوختۇر شەرەپ ئوردېنى ئال-غۇچىلارنىڭ بىرى، بوناپارتنىڭ بارلىق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان ئىكەن. ئۇ لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، سورېل ئائىلىسىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى، سورېلنى شۇ ئوقۇتۇپ چوڭ قىلغان ئىكەن. لېكىن ئۇ بالا ئىلاھىيەتنى تەتقىق قىلىۋېتىپتۇ ھەمدە مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇماقچى ئىكەن، قارىغاندا، ئۇ بالا لىبېراللار پارتىيە-سىنىڭ ئادىمى ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى، — شەھەر باشلىقى شۇنداق دەپ توختاپ قال-دى ـ دە، ئايالىغا خۇددى دىپلوماتلاردەك مەنىلىك قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ۋالېنو ئائىلىسى پەيـ-تۇنىغا قوشۇش ئۇچۇن بىر جۈپ ئاجايىپ ئېسىل نورماند ئېتىنى سېتىۋېلىپ بۆلەكچىلا گىدىيىپ

كېتىپتۇ، لېكىن بالىلىرىنىڭ مۇئەللىمى يوق.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ۋېرىيېر شەھىرىنىڭ باشلىقى سورېل تاغىنىڭ ياغاچ تىلىش زاۋۇتىغا كەلدى.

— ئەگەر بۇ بالىنى مەن ئىشلىتىمەن دەپ چىقىمىغان بولسام، — دەپ ئويلىدى شەھەر باشلىقى، — ۋالېنو دېگەن ھېلىقى يامان نىيەتلىك ئەبلەخنىڭ ئۇنى تارتىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ئاغزى بېسىقماي سۆزلىگەن بولاتتى. ھە، بۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن يەنە دىنىي خادىم تونىنى كىيەرمۇ؟

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا ئالدىغا بەستىلىك، قاۋۇل بىر دېھقان چىقىپ قالدى، ئۇ دەل سورېل تاغا ئىدى. ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەم ئەجەبلەندى، ھەم تولىمۇ خۇشال بولدى. ئۇ ئەسلىمۇ ژيۇلېننى ياقتۇرمايتتى، مانا ئەمدى شەھەر باشلىقى 300 فرانك بېرىدىكەن، يەنە ئۇنىڭغا تاماق، كىيىم ـ كېچەك بېرىدىكەن، بۇ ھەقىقەتەن ئاسماندىن چۈشكەن ئامەت ئىدى.

سورېل ئائىلىسىنىڭ ياغاچ تىلىش زاۋۇتى ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، سورېل تاغا لاپاس يېنىغا كېلىپ ژيۇلېننى چاقىردى، جاۋاب بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لاپاسقا كىردى. لېكىن ژيۇلېننى ئۇ قاراپ تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ھەرە يېنىدىنمۇ تاپالمىدى،

ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ، ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ غۇلاچ ئې-گىزلىكتىكى لىمغا مىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا كىتاب ئوقۇپ ئول-تۇراتتى. سورېل تاغىنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ئوغ-لىنىڭ كىتاب ئوقۇشى ئىدى. ژيۇلېننىڭ تېنى ئاجىز بولۇپ، ئېغىر ئىشلارنى قىلالمايتتى، ئەمما كىتاب ئو-قۇشقا ھېرىسمەن ئىدى، دادىسى بولسا كىتاب ئوقۇشقا بەكلا ئۆچ ئىدى، چۈنكى بوۋاي ئەزەلدىنلا ساۋاتسىز ئىدى.

سورېل تاغا ژيۇلېننى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چاقىد-رىپ باقتى، ئوغلى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى، يىگىتنىڭ پۈتۈن دىققىتى كىتابتا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرىنىڭ ئاۋازى بەكلا كۈچلۈك ئىدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي چاققانلىق بىلەن ياغاچ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى ـ دە، ژيۇلېننىڭ قولىدىكى كىتابنى ئۇرۇپ ئۆستەڭگە چۈشۈرۈۋەتتى، ئۇ يەنە بىرنى سېلىۋىد-دى، بۇ زەربىدىن ژيۇلېن پەسكە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

— ھۇ ھارام تاماق! سېنى ھەرگىز قاراپ تۇر دېسەم، كەچكىچە كىتاب ئوقۇمسەن؟ ئوقۇساڭ كەچتە پوپلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ئوقۇمامسەن!

ژيۇلېن تاياق يەپ بۇرنىدىن قان كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزى ئىشلەيدىغان يەرگە — ھەرە يېنىغا قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى، بۇ تاياق

زەربىسىدىن بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابىنى يوقىتىپ قويۇپ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىدىن ئىدى.

— بۇيافقا كېلە، ھايۋان، ساڭا گېپىم بار.

سورېل بوۋاي ئۇنى ئىتتىرىپ ئۆي تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

— ئەمدى دادام مېنى قانداق جازالاركىن، — يىگىت شۇلارنى ئويلىغاچ كىتابىنى ئېقىتىپ كەتكەن ئۆستەڭگە قاراپ قويدى.

ژيۇلېن يۇزى ئوت ئالغان ھالدا، كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي ماڭدى. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، نازۇكقىنا، سىپايە، يوغان قاپقارا كۆزلۈك، ئىلمەك بۇرۇن، ئون سەككىز ياشلاردىكى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا ئە-قىل چاقناپ تۇرىدىغان چوڭ ـ چوڭ ئويچان كۆزلىرىدە مانا ئەمدى كۆچلۈك نەپرەت ۋە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاق-نايتتى. ژيۇلېن بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ناھايىتى خىيالپەرەس، چىرايى ئاتىراڭغۇ، ياداڭغۇ بولغاچقا، دادى-سى بۇ ئوغلۇم ئۇزۇن ياشىيالمىسا كېرەك، ياشىغان تەقدىردىمۇ ئائىلە ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى يامان كۆ-رەتتى. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بەستلىك ئاكىلىرى بىلەن دادىسىدىن نەپرەتلىنەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى ئوينىغان چاغدا ئۇ دائىم تاياق يەيتتى. ژيۇلېن ئاجىز ئىدى، ئەمما

ئۇ پىنسىيىگە چىققان ھەربىي دوختۇرغا بەكلا چوقۇ-
ناتتى. بۇ ھەربىي دوختۇر ئۇنىڭغا 1796 - يىلىدىكى
ئىتالىيە ئۇرۇش تارىخىنى سۆزلەپ بېرەتتى، لاتىن تى-
لىنى ئۆگىتەتتى، بوۋاي ئۆلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوردې-
نىنى، 30 — 40 پارچە كىتابىنى ژيۇلېنغا بەرگەن ئىدى.

ژيۇلېن ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، يەلكىسىدە دادىسى-
نىڭ گۈرزىدەك قوللىرىنى ھېس قىلدى - دە، تىترىگەن
ھالدا تاياق يېيىشكە تەييارلىنىپ تۇردى.

— قېنى، راست گېپىڭنى قىلە، — دەپ ۋارقىرىدى
بوۋاي ۋە كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى خۇددى ئويۇن-
چۇقنى بۇرىغاندەك بۇراپ ئۆزىگە قاراتتى، — جاۋاب بەر
لەنىتى، سەن رېنال خانىمنى قانداق تونۇيسەن؟ ئۇنىڭ
بىلەن قاچانلاردا پاراڭلىشىپ باققان؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن زادىلا پاراڭلىشىپ باقمى-
غان، — دەپ جاۋاب بەردى ژيۇلېن، — مەن پەقەت ئۇ
خانىمنى چېركاۋدا كۆرگەن.

— سەن ئۇنىڭغا كۆزۈڭنى ئۇزمەي تىكىلىپ قا-
رىغانسەن نومۇسنى بىلمەيدىغان مەخلۇق!

— ھېچقاچان تىكىلىپ قارىغىنىم يوق، چېركاۋدا
مېنىڭ كۆزۈم پەرۋەردىگاردىن بۆلەك ھېچكىمنى كۆر-
مەيدۇ، — دېدى ژيۇلېن ئۆزىنى خۇداگۇي كۆرسىتىشكە
ئورۇنۇپ.

— لېكىن بۇ يەردە چوقۇم بىرگەپ بار، دەپ



غودۇڭشىدى قۇۋ بوۋاي، ئاندىن ئىشنىڭ جەريانىنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ماڭا قانداق ھەق بېرىدىكەن؟

— تاماق، كىيىم - كېچەك ۋە يىلىغا 300 فرانك پۇل.

— مەن مالاي بولۇشنى خالىمايمەن.

— ھۇ ھايۋان! كىم سېنى مالاي بولىسەن دەپتۇ؟ مەن ئوغلۇمنى مالايلىققا تۇتۇپ بېرەمدىم؟

بوۋاي قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتتى، ئۇ ژيۇلېننى راسا بىر تىللىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، باشقا ئوغۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى چىقىپ كەتتى. ژيۇلېن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، رېنال ئەپەندىنىڭ ھەيۋەتلىك ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن نېمىلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆزىچە، ھەممىدىن كەچسەممۇ كېچەمەنكى، ھەرگىز خىزمەتكارلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيمەن، ئەگەر دادام مېنى بېرىشقا مەجبۇرلىسا، ئۆلۈۋالىمەن دەيمەن. مېنىڭ 15 فرانك، سەككىز سۇ پۇلۇم بار، بۈگۈن كېچىلا قاچىمەن، چىغىر يوللار بىلەن ماڭسام ئىككى كۈندە بىزانسۇنغا بارىمەن. ئۇ يەردە ئەسكەرلىككە يېزىلىمەن، ھېچبولمىغاندا شۋېتسارىيىگە قېچىپ كېتىمەن. ئەگەر ئىش ئۇنداق بولۇپ قالسا جىمىكى ئىشلىرىمغا يول ئېچىپ بېرىۋاتقان دىن تار-

قاتقۇچىلىق كەسپىم يوققا چىقىدۇ، دېگەنلەرنى خىيا-
لىدىن ئۆتكۈزدى.

ژيۇلېننىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى قەيسەر ۋە ئەستە
تۇتۇش قابىلىيىتى ھەيران قالارلىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
كېلەچىكىنىڭ مويسىپىت پوپ شېلانغا باغلىق ئىكەن-
لىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ مويسىپىت پوپ-
نىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن لاتىن تىلىدىكى
«تەۋرات» بىلەن «پاپا تەرجىمىھالى» دىكى ئىدىيىلەرگە
ئانچە ئىشەنمىسىمۇ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يادلاپ چىققانىدى.
شۇ كۈنى ئاتا ـ بالا سورېللار بىر ـ بىرىگە گەپمۇ قى-
لىشمىدى. كەچقۇرۇن ژيۇلېن ئىلاھىيەتتىن دەرس ئې-
لىش ئۈچۈن پوپنىڭكىگە باردى. ئۇ ئېھتىياتچانلىق
قىلىپ، پوپقا شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىش
توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلماسلىق قارارىغا كەلدى، ئۇ
بۇنى يالغان گەپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلى-
غانىدى.

## رېنال خانىم

ژيۇلېن كۈتۈلمىگەن بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ
قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يېرىم كېچىدە ئۆيدىن چىقىپ
كەتتى، بارلىق كىتابلىرىنى ۋە ھېلىقى شەرەپ ئوردې-
نىنى ئىشەنچلىك بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇپ،
ياغاچ ساتقۇچى دوستى فوكېنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

ئۇنىڭ ئۆيى ۋېرېپىر شەھىرى سىرتىدىكى ئېگىز تاغدا ئىدى.

ژيۇلېن ئۇ يەردىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىشىگە، دادىسى ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتى:

— تېز كىيىمىڭنى كىيىپ، شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بار!

دادىسىنىڭ دۇمباللىمىغانلىقىغا ئەجەبلەنگەن ژيۇلېن ئۆيدىن دەرھال چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ دادىسىنىڭ كۆزىدىن نېرى بولغاندىن كېيىن قەدىمىنى ئاستىلاتتى. ئۇ ئايلىنىپ بېرىپ چېركاۋغا كىرىپ چىقماقچى بولدى، بۇ ئۇنىڭ ساختىلىقىنى يوشۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بەلكىم سىز بۇ سۆزلەرگە ھەيران بولارسىز، بۇ ياش سەھرالىق يىگىتتە شۇ چاغدا بۇنداق يامان خىياللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ بارغانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

ژيۇلېن باللىق چېغىدىلا ئىتالىيىدىن قايتىپ كەلگەن، ئۇستىگە ئاق ھەربىي پەلتو، باشلىرىغا قاپقارا لېنتىلار بىلەن بېزەلگەن كۈمۈش رەڭ دۇبۇلغا كىيىۋالغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا بەكلا ھەۋەس قىلغان، كېيىن قېرى ھەربىي دوختۇرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

ژيۇلېن 14 ياشقا كىرگەن يىلى ۋېرېپىردا چېركاۋ

سىلىنىشقا باشلىدى. بۇ كىچىك شەھەرگە نىسبەتەن بۇ چىركاۋ ھەقىقەتەن ناھايىتى كاتتىا ئىمارەت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ژيۇلېن ناپولېئون ھەققىدە سۆزلىمەيدىغان، مەن دىن تارقاتقۇچى بولىمەن دەيدىغان بوپقالدى، كىشىلەر ئۇنىڭ دائىم لاتىن تىلىدىكى تەۋ-راتنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرىدىغان بولدى، ئاق كۆ-ڭۈل پوپ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدى، شۇڭا ئۇ كەچقۇرۇنلىرى ۋاقتىنى ئايىماي ئۇنىڭغا ئىلاھىيەتتىن دەرس ئۆتەتتى، ژيۇلېن بولسا ئۆزىنى تەقۋادار كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، بىراق ئاشۇ چىرايى تاتارغان، رايىش بالىنىڭ كۆڭلىدە مەنسەپ - ئابرۇيغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىگە پەرۋا قىلمايدىغان ئىرادە يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ يېتەلمەيتتى.

كۆپ يىللاردىن بېرى، ئۇ دائىم دېگۈدەك بوناپارت-نىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتاتتى، ئاشۇ ھېچكىم تونۇمايدىغان ئادەتتىكى بىر لېيتېنانت بىر تال شەمشەر بىلەن پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سالغان ئە-مەسمۇ!!

چېركاۋنىڭ قورۇلۇشى ژيۇلېننىڭ كۆزىنى ئاچتى، ئۇ يېڭىچە بىر خىيالنىڭ دەستىدىن بىرنەچچە ھەپتى-گىچە خۇددى سەۋدايىدەكلا بولۇپ قالدى.

«بوناپارت شۆھرەت قازانغان چاغلار دەل فرانسىيە كۈچلۈك قوشنىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن قورقۇپ

توروۋاتقان مەزگىللەردە ئىدى، شۇڭلاشقا، ئۇ چاغلاردا ھەربىي جاسارەت كەم بولسا بولمايدىغان مودا نەرسە ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا 40 ياشلارغا كىرگەن پوپلار 100 مىڭ فرانكلىق مائاش ئالىدۇ، بۇ ئۆز ۋاقتىدا ناپو-لېئوننىڭ ئەڭ مەشھۇر گېنېراللىرىنىڭ مائاشىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە تەڭ، شۇڭا مەن چوقۇم پوپ بولۇشۇم كېرەك».

مانا، 18 ياشلاردىكى، قارىماققا نازۇككىنا كۆرۈنىد-غان يىگىت قولتۇقىغا بىر تۇگۈنچىنى قىستۇرغىنىچە ۋېرىيېرنىڭ ھەشەمەتلىك چېركاۋىغا كىرىپ كەلدى. چېركاۋ ئىچى سۈرلۈك، جىمجىت ئىدى، ژيۇلېننىڭ بەدىنى تىترەپ كەتتى. كۆرۈنۈشى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر ئۇستەلنىڭ ئۈستىدە رېنال ئەپەندى ئىشلەتكەن شەمشەر تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر پارچە باغاقچە تۇ-راتتى. ئۇ ئۇنى ئېلىپ ئوقۇدى:

«بېزانسوندا قەتلى قىلىنغان لۇئى ژېنرېل ھاياتى-نىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ...»

— بۇ قەغەزنى بۇ يەرگە كىم قويۇپ قويىدىك-نە؟ —دېدى ژيۇلېن ئۆز - ئۆزىگە، ئاندىن ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويدى، — ۋاي بىچارە، ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ ئا-خىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن.....

ژيۇلېن چېركاۋدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، كۆزىگە زەمزەم سۈيى قاچىلانغان ئىدىشنىڭ يېنىدىكى يەردە قان

تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ يورۇقلۇقتا قانغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتكەن زەمزەم سۈيى ئىدى.

ژيۇلېن بايا كۆڭلىگە كەچكەن قورقۇنچتىن خىجالەت بولۇپ قالدى.

— ئەجەبا، مەن شۇنچىلىك قورقۇنچاقمۇ؟ — ئۇ ئۆزىدىن شۇنداق سورىدى، — كۆرەشكە تەييارلان!

قېرى ھەربىي دوختۇر بۇ خىتابنى دائىم دەيتتى، بۇ ژيۇلېنغا قورقماس — باتۇر بولۇشقا ئۈندىگەندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

مېھمانخانىدىن باغقا چىقىپ كېتىۋاتقان دې. رېنال خانىم تېخى كىچىك بالىغىلا ئوخشايدىغان، تاتىراڭغۇ چىراي، مەڭزىدە تېخى ياش تامچىسى بار، ئاق كۆڭلەك كىيگەن، قولتۇقىغا پاكىز كەمزۇلىنى قىستۇرۇۋالغان ژيۇلېننى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ بالا ئىشىك ئالدىدا ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندەك تۇراتتى. رېنال خانىمدا دەرھال ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

— بالام، بۇ يەردە سىزنىڭ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

ژيۇلېن شارتتىدە بۇرۇلۇپ رېنال خانىمنىڭ ئۆزىگە خەيرخاھلىق بىلەن قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، خىجالەتچىلىك يوقاپ كەتكەندەك بولدى. ئايالنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالغان

يىگىت دۇنيادىكى ھەممىنى، ھەتتا بۇ يەرگە نېمە مەق-سەتتە كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. رېنال خانىم سوئالىنى تەكرارلىدى.

— خانىم، مەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا كەلگەنىدىم، — ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ئىزا تار-تىپ، ئۇنى دەرھال سۈرتۈۋەتتى.

رېنال خانىم دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار بىر - بىرىگە تىكىلگىنىچە بىرپەس تۇ-رۇپ قېلىشتى. ژيۇلېن ئۆمرىگە كېلىپ مۇنداق چىراي-لىق كىيىنگەن، بۇنداق كېلىشكەن ئايالنى كۆرمىگەنىدى، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزى بىلەن شۇنچە مۇلايىم گەپ-لىشىۋاتاتتى.

رېنال خانىم بىردىنلا ياش قىزلاردەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى شۇمىكىنە؟ ئۇ ئەسلىي ئوغۇللىرىغا ۋارقىراپ، ئۇلارنى چىۋىق بىلەن ساۋايدىغان قاسماق، جۇلدۇر كىيىەن دىن تارقاتقۇچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى.

— ئەپەندىم، — ئۇ ئاخىر سۆز ئاچتى، — سىز راستىنلا لاتىن تىلىنى بىلەمسىز؟

ئۆزىگە «ئەپەندىم» دەپ مۇراجىئەت قىلغىنىغا ژيۇ-لېن شۇ قەدەر ھەيران بولدىكى، بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ ئېسىگە كېلىپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، خانىم!

رېنال خانىمنىڭ شادلىقى ئىچىگە سىغماي قالدى.

— سىز بىچارە بالىلىرىمغا قاتتىق كايىمايدىغاندـ

ـسىز.

— مەنمۇ؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ژيۇلېن، — نېمىشقا كايىيتتىم؟

— ئەپەندىم، — رېنال خانىم بىردەم توختىۋېلىپ دېدى، — سىز ئۇلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىسىز، شۇندـ ـاقمۇ؟ ماڭا جاۋاب بېرەلەمسىز؟

ژيۇلېن شۇنداق پۇزۇر ياسانغان خانىمنىڭ ئۆزىنى چىن كۆڭلىدىن ئىنتايىن سەممىي هالدا يەنە بىر قېـ ـتىم «ئەپەندىم» دەپ ئاتىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. رېنال خانىم بولسا ژيۇلېننىڭ بۇنچىلىك قامالاشقان يىگىت ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ناهايىتى تارتىنچاق ئىدى، خانىم ئەسلىي ئۇنىڭ بىر قوپال، تومپاي بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەندىشىسى بىلەن كۆز ئالدىكى ئەمەلىيەت بەك چوڭ پەرقلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاخىر سەل خىجالەت بولۇپ:

— قېنى يۈرۈڭ، ئەپەندىم، — دېدى.

ئۇلار كارىدورغا كىرگەندىن كېيىن، خانىم كەيندـ ـدىن تارتىنىپ كېلىۋاتقان ژيۇلېنغا يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى. ئۇ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك توختاپ، يەنە سورىدى:

— ئەپەندىم، سىز راستىنىلا لاتىن تىلىنى بىلەم-سىز؟

بۇ سوئال يىگىتنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى.

ژيۇلېننىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرگەن رېنال خانىم ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، بوش ئاۋازدا:

— بالىلىرىم دەرسلىرىنى ياخشى تەييارلىمىغان تەقدىردىمۇ دەسلەپكى كۈنلىرى بالىلىرىمنى ئۇرماڭ، بولامدۇ؟ — دېدى.

شۇنچە گۈزەل خانىمنىڭ ئاغزىدىن ئۆتۈنۈش بىلەن چىققان مۇلايىم سۆزلەر ژيۇلېنغا شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ئۇنىڭدىكى لاتىنشۇناسلىق ئابرۇيىنى ساقلاش خىيالى شۇئان غايىب بولدى. رېنال خانىم ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن تۇرغاچقا، يىگىت ئۇنىڭ خۇش ھىدىنى پۇرىدى. بۇ بىر سەھرالىق بىچارە يىگىتكە نىسبەتەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى، شۇڭا ژيۇلېن پەرەڭ-دەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ بىر خورسىنىپ، كۈچىنىپ تۇرۇپ ئارانلا:

— ئەندىشە قىلماڭ خانىم، بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە بولىدۇ، — دېيە-لىدى.

بالىلار ھەققىدىكى تەشۋىشتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان-دىن كېيىن، رېنال خانىم تەئەججۇپ بىلەن ژيۇلېننىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ-

نىڭ قىزلارنىڭكىدەك لاتاپەتلىك چىرايى ۋە ئىزا تارتىپ تۇرغان ھالىتى ئەسلىدىلا بەك تارتىنچاق بۇ خانىمغا ئانچە كۆلكىلىك تۇيۇلمىدى.

— ئەپەندى، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سورىدى ئۇ ژيۇلىيەندىن.

— يېقىندا 19 غا كىرىمەن.

— چوڭ ئوغلۇم 11 ياشتا، — رېنال خانىمنىڭ كۆڭلى پۈتۈنلەي ئورنىغا چۈشكەنىدى، — سىزگە دوست بولالىغۇدەك. ئۆتكەندە دادىسى ئۇنى يەڭگىلىگىنىدە بىر تەستەك سېلىۋىدى، بالام بىر ھەپتە ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

— مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقىم بار ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ژيۇلىيەن.

رېنال خانىم ژيۇلىيەننىڭ چىرايىدىكى مەيۈسلۈك ئالامىتىنى جۇرئەتسىزلىك دەپ بىلىپ قالدى - دە، ئۇنى سەل ئىلھاملاندۇرۇپ قويماقچى بولدى.

— ئەپەندى، ئىسمىڭىز نېمە؟ — خانىمنىڭ ئاۋازى شۇنچە يېقىملىق ئىدىكى، ژيۇلىيەن بۇنىڭدىن ئاجايىپ مەپتۇن قىلىش كۈچى بارلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئىسمىم ژيۇلىيەن سورېل، خانىم. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن تەمتىرەپ كېتىۋاتىمەن، مەن سىزنىڭ ھىمايىڭىزغا موھتاجمەن. دەسلەپكى كۈنلەردە بەلكىم قىلغان

ئىشلىرىم كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قېلىشى مۇمكىن، كەچۈرۈشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. يوقسۇللوق ۋەجىدىن مەدەتەپتە ئوقۇمىغانمەن. ھەربىي دوختۇر بولغان تەغىنىدەمىز ۋە پوپ شىپلاندىن باشقا ئادەم بىلەن تۈزۈككرەك پاراڭلاشقان ئەمەسمەن. ئاكىلىرىم مېنى دائىم ئۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار مەن توغرىلىق غەيۋەت - شىكايەت قىلسا، ھەرگىز ئىشەنمەڭ.

ژيۇلېن بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولغۇچە ئۆزىنى ئاستا - ئاستا بېسىۋالدى. ئۇ رېنال خانىمنىڭ يۈزىگە كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى. بىردىن ئۇنىڭ كاللىسىغا، خانىمنىڭ قولىنى بىر سۆيۈپ قويسام دېگەن خىيال كەلدى، ئەمما شۇئان بۇ خىيالدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى. لېكىن بىردەمدىن كېيىن:

— ئۆزۈمگە پايدىسى تېگىدىغان بۇ ئىشنى قىلمىسام، — تازا قورقۇنچاقلىق قىلغان بولىمەن. ئۇنى بىر سۆيۈپ قويسام، بۇ گۈزەل خانىم مەندەك بىر نامرات ئىشچىنى ئۇنچىۋالا كەمسىتىپ كەتمەس، — دەپ ئويلىدى.

— خانىم، مەن باللىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇرمايمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرى ئالدىدا قەسەم قىلىشىم مۇمكىن، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ خانىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ لېۋىگە باستى.

خانىم يىگىتنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران قالدى، كېيىن

ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا دەرھال غەزەپلەنمىگەنلىكىدىن ئۆز-ئۆزىگە كايىشقا باشلىدى.

دى. رېنال ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىش-خانىسىدىن چىقتى. ئۇ سۇرلۇك ئاتىلاردەك ئاھاڭدا ژيۇلىېنغا قاراپ:

— پوپ شېلان ماڭا سىزنىڭ ئەدەپلىك يىگىت ئى-كەنلىكىڭىزنى ئېيتقان. بۇ يەردىكىلەر سىزنىڭ ھۆر-مىتىڭىزنى قىلىدۇ. ئەگەر ئىشىڭىزدىن مەمنۇن بول-سام، كېلەچەكتە سىزنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قو-يىمەن. مانا بۇ 36 فرانك، سىزنىڭ بىرىنچى ئايدىكى مائاشىڭىز، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلماڭ، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى باللارغا تەسىر قىلىدۇ. ھازىر، ئەپەندى... مېنىڭ كۆرسەتمەم بويىچە بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم سىزنى ئەپەندى دەپ چاقىرىدۇ. باللار سىزنىڭ بۇ كىيىمنى كىيگەن ھالىتىڭىزنى كۆرمىگىنى ياخشى. ئەمدى ئىك-كىمىز سىرتقا چىقىپ كىرەيلى، ئەپەندى، — دېدى.

ئارىدىن بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، رېنال ئەپەندى باشتىن - ئاياغ قارا كىيىم كىيىپ باشقىچە ئادەم بوپقالغان مۇئەللىمنى باشلاپ كىردى. ئەمما ژيۇلىېنغا بۇ بىرنەچچە سائەت بىرنەچچە يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ رېنال خانىمنىڭ قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تېخىچە بايا

ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويغانلىقىغا خاپا بو-
لۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— ئەپەندىم، — دېدى ژيۇلېن شەھەر باشلىقىغا، —
مەن بىر نامرات سەھرالىق، بۇ يېڭى كىيىملەرنى كى-
يىپ تازا قولىشالماي قالدىم، ئەگەر رۇخسەت قىلغان
بولسىڭىز، مەن ھۇجرامغا كىرىپ كەتكەن بولسام.

ژيۇلېن ئۆز ھۇجرىسىدا بىرەر سائەتتەك ئولتۇردى.
بىراق رېنال خانىم بۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەن-
لىكىنىمۇ سەزمەي قالدى، چۈنكى بالىلىرى مۇئەللىم
كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل
سوئاللارنى سوراپ كەتكەندى. ژيۇلېن ئۆيدىن چىقتى.
ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەم بولۇپ چىققانىدى، ئۇ
شۇنچە سىپايە ئىدى. دې. رېنال ئەپەندى ئۇنى بالىلىرىغا
تونۇشتۇردى، ژيۇلېن ئۇلارغا ۋەزمىنلىك بىلەن شۇنداق
بىر سۆزلىدىكى، ئۇنىڭغا دې. رېنال ئەپەندىمۇ ھەيران
قالدى.

— ئەپەندىلەر، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى
مەقسەت، — دېدى ئۇ بالىلارغا، — سىلەرگە لاتىن تىلى-
نى ئۆگىتىش. يادلاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەم-
مىڭلارغا مەلۇم، سىلەر ئەمدى مېنىڭدىن سوراپ بې-
قىڭلار.

ئۇ بالىلارغا ئىنجىلنى تۇتقۇزدى، بالىلارنىڭ ئەڭ
چوڭى بولغان ئادولف كىتابنى قولىغا ئالدى.

— خالىغان بىر بەتنى ئېچىپ، ھەرقانداق بىر ئابزاستىكى بىرىنچى خەتنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، مەن ئۇنى تاكى سىز توختا دېگۈچە يادلاپ بېرىمەن.

ئادولف بىر سۆزنى ئوقۇدى. ژيۇلېن خۇددى ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەۋاتقاندەك، قىلچە دۇدۇقلىماي پۈتۈن بىر سەھىپىنى يادلاپ بەردى.

رېنال ئەپەندى ئايالىغا كۆرەڭلىگەن ھالدا قاراپ قويدى. ئادولف كىتابنىڭ سەككىز يېرىنى كۆرسەتكەندى، ژيۇلېن ھەممىنى سۇدەك يادلاپ بەردى.

ژيۇلېن لاتىن تىلىنى يادلاۋاتقاندا، مېھمانخانا ئىشىكىدە بىر ئەر خىزمەتكار پەيدا بولدى. ئۇ دەسلەپتە تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن غايىب بولدى، كېيىن ئىشىك يېنىدا خىزمەتكار ئايال بىلەن ئاشپەز ئايال پەيدا بولدى.

— ۋاي تەڭرىم، نېمىدېگەن چىرايلىق دىن تارقاتقۇچى - ھە! — دەۋەتتى ئاشپەز ئايال.

رېنال ئەپەندى مۇئەللىمنى سىناشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، لاتىنچە شېئىرلارنى ئەسلەشكە باشلىدى - دە، ئاخىر گوراتسىنىڭ بىر شېئىرىنى يادقا ئوقۇدى. بىراق ژيۇلېن لاتىن تىلىدا ئىنجىلدىن باشقىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ قاپىقىنى سىلىپ:

— مەن ئۆزۈمنى روھانىيلىقتا تەربىيىلەۋاتاتتىم، شۇڭا بۇنداق چاكىنا شائىرلارنىڭ شېئىرىنى ئوقۇمايمەن، — دېدى.

ژيۇلېن باللارنىڭ ئۆزىنى داۋاملىق سىنىشىنى ئويلاپ، باللارنىڭ ئەڭ كىچىكىگە:

— خوش، ئەمدى ستانسلاۋمۇ مەن يادلايدىغان جاينى كۆرسىتىپ بەرسۇن، — دېدى.

باللارنىڭ كىچىكى ستانسلاۋ بۇنىڭدىن كۆرەڭلەپ كەتتى، ئۇ بىر سۆزنى دۇدۇقلاپ ئوقۇۋىدى، ژيۇلېن پۈتۈن بىر بەتنى يەنە يادقا ئوقۇپ بەردى.

رېنال ئەپەندىنى تېخىمۇ تەنتەنە قىلىشۋالسۇن دېگەندەك، ژيۇلېن سۈرىنى يادقا ئوقۇۋاتقان چاغدا ئىككى نورماندىيە ئارغىماقلىرىنىڭ ئىگىسى بولغان ۋالېنو ئەپەندى بىلەن شۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى كىرىپ كېلىشتى.

شۇ كۈنى كەچتە بۇ خەۋەر ۋېرىيېر شەھىرىگە پۈر كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ژيۇلېن بۇ شەھەردىكى داڭلىق ئادەم بوپقالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن بىرەرى ژيۇلېننى تارتىۋالمىغىيدى دەپ تەشۋىشكە چۈشكەن رېنال ئەپەندى يىگىت بىلەن ئىككى يىل ئىشلەش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزمەكچى بولدى.

— ياق، ئەپەندىم، — دېدى ژيۇلېن سوغۇقلا تەلەپپۇزدا، — ئەگەر سىز مېنى ھەيدىۋەتسىڭىز، مەن ھازىرلا كېتىمەن. كېلىشىم تۈزۈپ قويساق مەن ئۆز ئەركىنلىكىمنى يوقىتىدىكەنمەن، ئەمما سىزنىڭ زىممىڭىزگە ھېچقانداق مەجبۇرىيەت يۈكلەنمەيدىكەن، بۇ ئادالەت بولمايدۇ، ئۇنىڭغا مەن ئىمزا قويمايمەن.

## مۇھەببەت

ژيۇلېن ھەر خىل ئىشلارنى ئوبدان بىجىرەتتى، شۇڭا ئۇ كېلىپ بىر ئاي ئۆتۈپلا رېنال ئەپەندىنىڭ ئە-شەنچىسىگە ئېرىشتى. بالىلارمۇ ئۇنى ھۆرمەت قىلىدى-غان بولدى، ئەمما ئۇ بالىلارغا ئۆچ ئىدى. ژيۇلېننىڭ سوغۇق ئەلپازى، ئېھتىياتچانلىقى، كۆڭلىدىكىنى ئاش-كارىلىمايدىغانلىقى ئەكسىچە ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئەتى-ۋارلىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى ئۇنىڭ كېلىشى بۇ ئائى-لىدىكى بىر خىل بۇرۇقتۇرما كەيپىياتنى مەلۇم دەرى-جىدە يوق قىلغانىدى. ئۇلار ئۇنى ئوبدان ئائىلە ئوقۇت-قۇچىسى دېيىشتى. ئەمما ژيۇلېن بۇ يۇقىرى تەبىقىدى-كىلەرگە ئۆچلۈك قىلاتتى، نەپرەتلىنەتتى. بۇ جەمئى-يەتنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقى پەقەت ئۇنىڭغا داستى-خاننىڭ بىر چېتىدىن ئورۇن بەرگەنلىكىلا ئىدى.

بىر كۈنى ژيۇلېن ئۆزى يالغۇز دەرەخلىكتە سەيلە قىلىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت چىغىر يولدىن ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىككى ئاكىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمەي قالدى. ئۇ ئىككى قوپال ئىشچى يىگىتكە ئېسىل قارا كاستۇم كىيىۋالغان بۇ ئىنىسى ئۆزلىرىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك كۆرۈندى ـ دە، ھەسەت-خورلۇقى كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ راسا دۇمبالاپ،

ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىپ هوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ۋالېنو ئەپەندى بىلەن سەيلە قىلىپ يۈرگەن رېنال خانىم شۇ دەرەخلىككە كىرىپ بىھوش ياتقان ژيۇلېننى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، جان ـ پېنى چىقىپلا كەتتى. رېنال خانىمنىڭ بۇنداق بوپكەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋالېنو ئەپەندىدە قاتتىق قىزغىنىش پەيدا بولدى.

رېنال خانىمنىڭ دېدىكى ئېلىزا بۇ ئائىلە مۇئەللىمىنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ دائىم خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ژيۇلېننىڭ پارىڭىنى قىلاتتى. ئېلىزانىڭ ژيۇلېنغا بولغان مۇھەببىتى بىر ئەر خىزمەتكارنىڭ كۆندەشلىكىنى قوزغاپ قويدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ژيۇلېن شۇ خىزمەتكار يىگىتنىڭ ئېلىزاغا: «ئۆيىمىزدە مۇشۇ تومپاي مۇئەللىم پەيدا بولغاندىن بېرى مەن بىلەن گەپلەشكۈڭمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

ژيۇلېن تومپاي ئەمەس ئىدى. لېكىن شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىنىشىگە، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. ئەمما بۇ ئىش ۋالېنو ئەپەندىنىڭ كۆندەشلىكىنى قوزغاپ قويدى، شۇڭا ئۇ ھەممىگە ئاڭلىتىپ: مۇنۇ ياش دىن تارقاتقۇچىغا بۇنداق نوچىلىق ياراشمايدۇ، دەپ يۈردى.

رېنال خانىم ژيۇلېننىڭ ئېلىزا بىلەن پاراڭلىشىپ

تۇرغانلىقىنى پات ـ پات كۆرۈپ قالىدىغان بوپقالدى ۋە سورۇشتۇرۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ياش مۇئەللىمنىڭ كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئازلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇنىڭ كىيىملىرى ئاز بولغاچقا، ئۇلارنى پات ـ پات يۇيۇپ بېرىشكە ئېلىزاغا ئىلتىماس قىلاتتى. دەل مانا شۇنداق ئىشلاردا ئېلىزا ژيۇلىېنغا ياردەم بېرەلەيتتى. ياش مۇئەللىمنىڭ نامراتلىقىنى ئويلاپ رېنال خانىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، خۇپىيانە هالدا پات ـ پات كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقتى، بىر قېتىم ژيۇلىېن خانىمنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلارنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، سورىدى:

— خانىم، بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ؟

— ياق دوستۇم، — دېدى خانىم جاۋاب بېرىپ، — باللارنى چاقىرىڭ، بىللە سەيلە قىلايلى.

ئۇ يىگىتنى قولتۇقلاپ ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ماڭدى، بۇ هال ژيۇلىېنغا ناهايىتى غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىم ئۇنى تۇنجى قېتىم «دوستۇم» دەپ ئاتىغانىدى. سەيلىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىۋاتقىنىدا، ژيۇلىېن خانىمنىڭ پات ـ پات قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— مېنىڭ ئىنتايىن باي، دۆلەتمەن هاممامنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى ئىكەنلىكىمنى سىز كېيىنچە بىلىپ قالىسىز، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ژيۇلىېنغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماستىن، — ئۇ بېزانسۇندا تۇرىدۇ.



ماڭا دائىم تۇرلۇك سوۋغىلارنى ئەۋەتىدۇ... ئوغۇللىرىم سىزنىڭ تەربىيىڭىزدە ناھايىتى ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ... شۇڭا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن قىلغان ئازغىنە سوۋغامنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ پەقەت بىرنەچچە لۇيدار پۇل، ئۇنىڭغا بىرنەچچە قۇر كىيىم قىلىۋالارسىز، بۇ ھەقتە ئېرىمگە ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

— خانىم، مەن بىر ئاددىي ئادەم، ئەمما ۋىجدانسىز ئەمەسمەن، — دېدى ژيۇلېن كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتكەن ھالدا، — سىز بۇ ھەقتە ئويلاپ كۆرۈشنى لايىق تاپمىغان ئوخشايسىز، ئەگەر رېنال ئەپەندىدىن بىرەر كىچىك ئىشنىمۇ يوشۇرسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى مالايدىنمۇ پەس ھېسابلايمەن.

ژيۇلېننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ رېنال خانىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تا قايتىپ كەتكۈچە گەپ قىلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن رېنال خانىم ژيۇلېننىڭ دىلىغا ئازار بەرگەن ئەيىبىنى يۇيۇش نىيىتىدە ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدى، بۇلار ئاقىۋەت ژيۇلېننىڭ ئاچچىقىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ياندۇردى.

خانىم ھەتتا ۋېرىيېردىكى لىبېراللار كىتابخانىسىغا

بىرىپ ئوغۇللىرى ئۈچۈن كىتاب ئالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ژيۈلىيەننىڭ بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— بايلارنىڭ ھەننىۋاسى شۇنداق، — دەيتتى ژيۈلىيەن ئۆز - ئۆزىگە، — ئاۋۋال سىېنى ھاقارەتلەيدۇ، ئارقىدىن يالغاندىن ئانچە - مۇنچە نەپ بەرگەن بولۇپ، ئۆز ئەيىبلىرىنى يۇيماقچى بولىدۇ.

باھارنىڭ ئىللىق كۈنلىرى باشلىنىشى بىلەنلا رېنال ئەپەندىنىڭ ئائىلىسى ۋېرژىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ بىر يېزا بولۇپ، رېنال ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە تۆت مۇنارلىق قەدىمىي قەسرى ۋە بىر گۈلبېغى بار ئىدى. رېنال خانىم يېزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە زوقلىنىپ، باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ باغدا ئوينىتاتتى، كېپىنەك تۇتاتتى. ژيۈلىيەن ئۇنىڭغا بۇ جانىۋارلارنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاندىن ئۇلار كېپىنەكلىرىنى ژيۈلىيەن ياسىغان چوڭ بىر كاردون قەغەزگە يىڭنە مىخ بىلەن سانجىپ قويۇشاتتى، بۇ يېزىغا كەلگەندىن بۇيان ژيۈلىيەن باللارغا ئوخشاشلا يايراپ كەتتى، ئۇ باللار بىلەن خۇشال - خۇرام كېپىنەك تۇتاتتى. ئۇ ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتۇشقا ۋە باشقىلارغا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولۇش شارائىتىدىن قۇتۇلۇپ، بىر خىل شاد - خۇراملىق تۇرمۇش ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ يېشىدا بۇنداق تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئىستىكى

ناھايىتى كىچىكلا بولاتتى. رېنال ئەپەندى پات ـ پات شەھەرگە كېتىپ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا ژيۇلېن ناھايىتى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋالاتتى. ئۇ بۇرۇن كىتابنى يوشۇرۇنچە ئوقۇيتتى، ئەمدى بولسا خاتىرجەم ھالدا تىنچ ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولدى، ئۇ بۇنى بەخت، ھالاۋەت، ھوزۇر دەپ بىلەتتى.

ياز كېلىپ ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، رېنال ئەپەندى ئايالى بىلەن ئاخشىمى ئۆيدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى يوغان پىكوس دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ سالقىنداشنى ئادەت قىلىۋالدى، ئۇ يەر قاپقاراڭغۇ ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە ژيۇلېن قوللىرىنى شىلتىپ ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، قولى ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قولىنى قويۇپ ئولتۇرغان رېنال خانىمنىڭ قولىغا تېگىپ كەتتى. خانىم قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. شۇئان ژيۇلېننىڭ كاللىسىغا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قولۇم تېگىپ كەتكەندە قولىنى تارتىۋالمايدىغان قىلىشىم كېرەك، دېگەن خىيال كەلدى.

ئەتىسى رېنال خانىمغا ژيۇلېننىڭ قاراشلىرى بەكمۇ غەلىتە بوپقالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ خانىمنى خۇددى پات يېقىندا توقۇنۇشۇش ئېھتىمالى بار دۈشمەندەك كۆزىتەتتى. بۇ ھال رېنال خانىمنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. مەن ئۇنى رەنجىتمىگەن تۇرسام، ئۇ نېمانچە قىلىدۇ دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىم ژيۇ-

لىندىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

— مەن ژيۇلېننى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن-مۇ؟ — ئاخىر خانىم ئۆز - ئۆزىدىن شۇنداق دەپ سورىدى. ئۇ ئەگەر بۇرۇن مۇشۇنداق خىيالدا بولغان بولسا ناھايىتى ئۆكۈنگەن بولاتتى. ئەمما شۇ تاپتا ئۇ بۇنى بىرئاز غەلىتە ئىشتەكلا ھېس قىلىپ قالدى.

ھالبۇكى، ژيۇلېن خانىمنىڭ ئاشۇ يۇمران قولىنى تۇتۇشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغانىدى.

قوياش ئولتۇردى، مانا ژيۇلېن يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئاخىرقى مىنۇتلارمۇ يېتىپ كەلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇلار ئولتۇرۇشتى. رېنال خانىم ژيۇلېننىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ژيۇلېننىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشلا بولغاچقا، قىلىدىغانغا گەپ تاپالماي قالدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى تازا قولاشماي قالدى. مۇناردا سائەت ئون قېتىم جاراڭلىغان چاغدىلا، ژيۇلېن قولىنى ئۇزىتىپ رېنال خانىمنىڭ نازۇك قوللىرىنى تۇتۇۋالدى. خانىم قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. ژيۇلېن ئۇنىڭ قولىنى يەنە تۇتۇۋالدى، ئۇ قولىنى يەنە تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى - يۇ، كېيىن جىمىپ قالدى.

سائەت 12 دىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلار قايتىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. رېنال خانىم مۇھەببەتنىڭ بەختلىك سېزىملىرى ئىچىدە مەستخۇش بوپقالغاچقا،



ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغىنىنى يامان ئىش دەپ ھېس قىلمىدى، بۇ مەستخۇش سېزىملەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنىمۇ قاچۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمما كۈن بويى قەلبىدىكى قورقۇنچاقلىق بىلەن دىمىغى ئۇستۇنلۈك قاتتىق كۆرەش قىلغانلىقتىن، پۇتۇنلەي مادارى قالمىغان ژيۇلېن دەرھاللا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغانىدى.

ئەتىسى ژيۇلېن ھۇجرىسىدىن چىقمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئەسلەپ، باشقىدىن ھۇزۇر ئالدى. چۈشلۈك تاماقتا چاقىرىشقاندىلا ئۇ مېھمانخانىغا كىردى. ئۇنى ئۆزى ئويلىغان خۇمار كۆزلەرنىڭ ئورنىغا رېنال ئەپەندىنىڭ قاپىقى سېلىنغان چىرايى قارشى ئالدى. چۈنكى ژيۇلېننىڭ چۈشتىن بۇرۇن بالىلار بىلەن چاتىقى بولمىغانىدى.

— مىجەزىم يوق ئىدى، — دېدى ژيۇلېن.

يىگىت بۇ سۆزنى شۇنداق قوپال دېدىكى، بۇ گەپكە تەبىئىتى شەھەر باشلىقىدىنمۇ مۇلايىم ئادەمنىڭمۇ ئەرۋاھى ئۇچقان بولاتتى. رېنال ئەپەندى ژيۇلېننى دەرھال قوغلىۋەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇ «بىر ئىشقا يولۇقساڭ ئالدىراقسانلىق قىلما» دېگەن ھېكمەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ دۆت بالا مېنىڭ بۇ يېرىمدە ئاز - تولا ئابرۇيغا ئىگە بوپقالدى، — دەپ ئويلىدى رېنال

ئەپەندى، — مەندىن چىقسا ئۇنى ۋالېنو ئەپەندى دەرھاللا بالىلىرىغا مۇئەللىم قىلىۋالىدۇ ياكى ئۇ خېلى جىق مىراسقا ئىگە بولغان ئېلىزا بىلەن توي قىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنى كۆڭلىدە مەسخىرە قىلىدۇ.

— ئەپەندىم، — دېدى ژيۇلېن، — ئەجەبا سىز بالىلىرىم ھەرقانداق مۇئەللىمنىڭ قولىدا مۇشۇنداق ئوبدان ئۆگىنەلەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— ئەگەر سىز ياق دېسىڭىز، — ژيۇلېن رېنال ئەپەندىگە سۆزلەشكە پۇرسەت بەرمىدى، — ئۇ ھالدا مېنى نېمىشقا بالىلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويدۇڭ دەپ ئەيىبلىمەكچى بولىسىز؟

رېنال ئەپەندىنىڭ بايامقى ئەندىشىلىرى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، بۇ تومپاي سەھرالىقنىڭ بۇنداق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ مەندىن چىقىپ باشقا ئادەم ئۇچۇن ئىشلەشكە تەييارلىق قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى. شۇ چاغدا ژيۇلېن يەنە غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— ئەپەندىم، مەن سىزسىزمۇ جېنىمنى بېقىپ كېتەلەيمەن.

— سىزنىڭ بۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىڭىز مېنى سەل خاپا قىلدى، — دېدى رېنال ئەپەندى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

— ئەپەندىم، ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىز كېرەكتى، — دېدى ژيۇلېن ئۆزىنى باسالماي، — بايا بىر ئېسىلزادە خانىمنىڭ ئالدىدا مېنى قانداق ھاقارەتلىگەن-لىكىڭىزنى ئەسلەپ بېقىڭا!

رېنال ئەپەندى ژيۇلېنىنىڭ ئۆزىنىڭ يامان يېرىدىن تۇتۇۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاتتىق كۈرەش بولۇۋاتاتتى. ئەمدى ژيۇلېن غەزەپ ئىچىدە ۋار-قىراپلا چۈشتى:

— مەن بۇ يەردىن چىقىپ، ئۇدۇل نەگە بېرىشىمنى ئوبدان بىلىمەن، ئەپەندىم.

— بۇ گەپنى ئاڭلاپ رېنال ئەپەندىنىڭ كۆزىگە ژيۇلېن ۋالېنو ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ژيۇلېنغا ھەر ئايدا 50 فرانك بېرىدىغان بولدى.

ژيۇلېن كۈلۈۋەتمەكچى بولدى-يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋال-دى. ئەمدى ئۇ ئاچچىقىدىن يانغانىدى.

— بۇ ھايۋاننى بەك چوڭ كۆرسەم كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ 50 فرانك ئۇ پەسكەش مەرەزنىڭ قو-لىدىن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ كەچۈرۈم سوراش بولسا كېرەك.

بىرئازدىن كېيىن ژيۇلېن خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پوپ شېلان بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە بىر-نەچچە سائەتلىك رۇخسەت سورىدى. رېنال ئەپەندىنىڭ

چىرايىدا ياسالما كۈلكە پەيدا بولدى:

— بولىدۇ، بىرنۋېرىڭ، ئەزىزىم ژيۇلېن، ئۇ يەرگە سىز باغۋەننىڭ ئىتىنى مىنىپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— قاراپ تۇر، — دەپ ئويلىدى رېنال ئەپەندى، — ئۇ مۇشۇ تاپتا ۋالېنوغا جاۋاب بەرگىلى بارماقچى.

— مەن قالتىس بىر جەڭ قىلدىم، — دېدى ژيۇلېن ئۆز - ئۆزىگە.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كۈن ئولتۇراي دېگەن پەيتتە، ژيۇلېن باغنىڭ خىلۋەت بىر يېرىدە مەشۇقى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، ئۇ چوڭقۇر خىياللارغا پاتقاندى: «بۇ تاتلىق مىنۇتلار قانچىلىك داۋاملىشار؟» ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەندىشە قىلىدىغىنى نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ياشلارنىڭ بىرەر ھەقىقىي ئورۇنغا ئېرىشمىگىنىنىڭ تەسلىكى ئىدى.

— ئېھ، — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، — ناپولېئون فرانسۇز ياشلىرىغا تەڭرى ئەۋەتكەن ئۇلۇغ زات ئىكەن! ئۇنىڭ ئورنىنى كىم باسالايدۇ؟ ئۇنىڭسىز بىزدەك بەختسىز باللار قانداق قىلىدۇ؟ مەندىن دۆلەتمەن بولغانلىرى ئوبدانراق تەربىيىلىنىشكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە پۇل خەجلىيەلەيدۇ، ئەمما بىرەر ۋەزىپىنى قولغا ئېلىپ، ھاياتتا ئۆزىگە يول ئېچىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇلى يوق.



ئۇ بۇلارنى ئويلاپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

— بىز نېمىلا قىلمايلى، تارىختىن قېپقالغان بۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى ھەرگىز بەختىيار ھېس قىلالمايمىز.

بىردىنلا ئۇ دې. رېنال خانىمنىڭ قاپىقى سېلىنىپ، يۈزىدە سوغۇق ۋە كىبىرلىك ئىپادە پەيدا بولغانلىقىنى سېزىپ قالدى ـ دە، ئويغا پاتتى:

— ئۇ ناھايىتى مېھرىبان ۋە مۇلايىم، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ئۇ دۈشمەن لاگېرىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن. ئەمما بايلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۈزۈكرەك ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان جەسۇر، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەملەردىن قورقىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلار بىلەن ئوخشاش قورال تۇتۇپ ئېلىشىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟

## تەلەي ۋە ئۇنىڭ يوقىتا چىقىشى

3 ـ سېنتەبىر كۈنى كەچ سائەت ئوندا، ۋېرىيېرنىڭ چوڭ كوچىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن ژاندارما پۈتۈن شەھەرنى ئۆرىتۆپە قىلىۋەتتى. ئۇ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يەكشەنبە كۈنى بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. بۈگۈن سەيشەنبە كۈنى ئىدى. ئۆلكە

باشلىقى ھۆرمەت قاراۋۇللۇقىغا ياش يىگىتلەرنى تاللا-
شقا، پادىشاھنى تەنتەنە ۋە دەبدەبە بىلەن كۈتۈۋېلىشقا
بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ۋېرژىغا چاپارمەن ئەۋەتتى. رېنال
ئەپەندى دەرھال شەھەرگە قايتىپ كەلدى، پۈتۈن شەھەر
ھاياجان ئىلكىدە قالغانىدى.

ھۆرمەت قاراۋۇللىرىغا كىم باشچىلىق قىلىدۇ؟
موئارو ئەپەندىما؟ ئەمما ئۇ ئەزەلدىن ئات مىنىپ باقمى-
غان. 36 ياشقا كىرگەن بۇ ئەپەندى ناھايىتى يۈرەكسىز
بولۇپ، بىرەر ئىشنى ئوڭلاپ قىلالمايتتى. ئەتىگەن سا-
ئەت بەشتە شەھەر باشلىقى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرىپ
كەلدى. موئارو ئەپەندى ئات مىنىشتىن بەكلا قورقىدىغان
بولسىمۇ، بۇ پەخىرلىك ۋەزىپىنى مۇشەققەتلىك بۇرچ
سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى.

شەھەر باشلىقى بۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كې-
يىن، تەنتەنىلىك دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن
ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. چۈنكى پادىشاھ ۋېرىيېرغا
كەلسە، شەھەردىن بىر چاقىرىمچە نېرىدىكى بىرېلېئونغا
بېرىپ مەشھۇر سانكت كېرىمون خارابىسىنى زىيارەت
قىلماي قالمايتتى. ئوردىدىنمۇ كۆپرەك پوپلارنى
تەشكىللەش توغرىسىدا پەرمان چۈشكەنىدى. بۇ خېلىلا
مۇشكۈل ۋەزىپە ئىدى. چېركاۋنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن
پوپى ماسلون بۇ مۇراسىمغا پوپ شېلاننى قاتناشتۇ-
رۇشنى خالىمايتتى. رېنال ئەپەندى بۇنداق قىلىش بەكلا

ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ دەپ كۆپ چۈشەندۈردى. چۈنكى بۇ قېتىم پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغانلار ئىچىدىكى ماركىز مول 30 يىلدىن بېرى پوپ شېلاننى تونۇيتتى. ئۇ كەلسە ئەلۋەتتە شېلاننى سۈرۈشتە قىلىدۇ. ئەمما رېنال ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى كارغا كەلمىدى.

— مەن ۋېرىپېر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماركىز مولنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن، — دېدى رېنال ئەپەندى، — ئۇ دېگەن فرانسىيە پادىشاھلىقىنىڭ كاتتا ۋەزىرى، شۇنداقلا ئۆلكىمىزدىكى ئەڭ چوڭ زېمىندار.

ئۈچ كۈنلۈك سۆھبەتتىن كېيىن، يەنى شەنبە كۈنى كېچىسى تەكەببۇر پوپ ماسلون شەھەر باشلىقىنىڭ گېپىگە ئاندىن ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پوپ شېلانغا ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن بىر مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنىڭ ئەۋلىيا قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. پوپ شېلان ياردەمچى پوپ سۈپىتىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان ژيۇلېن ئۈچۈنمۇ بىر تەكلىپنامە ئالدى.

ئەتىگەن سائەت يەتتىدە رېنال خانىم ۋېرىپېر شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر خىل ھاياجان ئىچىدە بولسىمۇ، ئەمما ژيۇلېنغا بىلدۈرمىدى. بۇنىڭغا ژيۇلېن ھەيران بولدى، شۇنداقلا خاپا بولدى.

— پادىشاھنى ئۆز ئۆيىدە كۈتمەكچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم. بۇ بەختلىك ئىش ئۇنىڭ

مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن كەپتۇ. ئاقسۆڭەكلەرگە خاس بۇ شۆھرەتپەرەسلىك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە كېلىپ مەن بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئىچىدە ژيۇلېن. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلىشىۋېلىش ئۈچۈن خېلى ساقلىدى، ئەمما پۇرسەت بولمىدى. ئاخىر ژيۇلېن ئۇنىڭ رېنال ئەپەندىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۇنىڭ بىر يۇرۇش كىيىمىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى توسۇپ گەپ قىلماقچى بولدى، ئەمما خانىم ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي نېرى كەتتى. رېنال خانىم ئاجايىپ بىر ئۇستىلىق بىلەن، ژيۇلېننى ھۆرمەت قاراۋۇللىرى سېپىگە قاتناشتۇرۇشقا رۇخسەت ئالغانىدى. ئەمما بىرنەچچە دۆلەتمەن سانائەتچىلەرنىڭ ئوغۇللىرى بۇ ئورۇنغا ئېرىشەلمەي قېپقالغانىدى. ۋالېنو ئەپەندى ژيۇلېنغا بەكلا ئۆچ بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا بىر ئاتنى ئارىيەت بېرىپ تۇرماقچى بولدى. پەقەت تۆت كۈنلا ۋاقىت قالغانىدى. رېنال خانىم بېزانسۇنغا ئادەم ئەۋەتىپ ژيۇلېن ئۈچۈن يېڭى كىيىم، قورال ۋە شىلەپە تەييارلاتقۇزدى. بۇلار بىر ھۆرمەت قاراۋۇلى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ۋېرىيېر شەھىرىدە بۇيرۇتۇپ تىككۈزۈشتىن قورقتى. ئۇ بۇنى ژيۇلېنغىمۇ، پۈتۈن شەھەرگىمۇ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش سۈپىتىدە قىلماقچى بولغانىدى.

يەكشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردىلا ۋېرىيېر شەھىرىنىڭ

كوچىلىرى شەھەر ئەتراپىدىن كەلگەن دېھقانلار بىلەن تولۇپ كەتتى. سائەت ئۈچ بولاي دېگەندە، پادىشاھ ئاخىر مۇشۇ ئۆلكە چېگرىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، شۇ زا- مات قوڭغۇراقلار تەڭلا داڭ ئۇردى، شەھەردىكى كونا زەمبىرەكتىن بۇ ئۇلۇغ ۋەقەنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئارقىمۇئارقا ئوق ئېتىلدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يې- رىمى دېگۈدەك ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىشقانىدى، ئاياللار بالكونلارغا قىستىلىپ چىقىۋېلىشقانىدى، ھۆرمەت قا- راۋۇللىرىمۇ ئالغا قاراپ يول ئالدى. ھەممەيلەن ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ كۆزنى چاقنىتىپ ۋاللىداپ تۇرغان فورمىلىرىنى تاماشا قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆز- لىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى دوست - بۇرادەر- لىرىنى تونۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئادەملەر تولىمۇ ئېھ- تىياتچانلىق بىلەن ئېگەرنى چىڭ تۇتۇۋالغان مۇئارو ئەپەندىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن كۈلۈشەتتى. لېكىن توق- قۇزىنچى قاتاردىكى بىرىنچى ئاتلىق ناھايىتى خۇشپى- چىم ۋە كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئۇ ھەممىنىڭ دىق- قىتىنى ئۆزىگە تارتقان ۋە باشقا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئاز - تولا چېنىپ قالغانىدى. ھايال ئۆتمەي، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ غەزەپلىك خىتابلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھەي- رانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى ھەم شاۋقۇن- سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئادەملەر ۋالېنو ئەپەندىنىڭ نورماند

يورغىلىرىدىن بىرىدە ئات ئوينىتىپ كېتىۋاتقان بۇ يىگىتنىڭ ياغاچچى سورېلىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشتى. بۇ قانداق بولغىنى؟ ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ بالىلىرىنىڭ مۇئەللىمى بولغىنى ئۈچۈنلا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى سېپىگە قوشۇلۇپ، دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى چەتكە قاقسا بولامدىكەن تېخى!

— نېمىشقا ئاۋۇ ئەپەندىلەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بۇ نومۇسسىز دىۋانىنىڭ، بۇ تېگى پەس گادايىنىڭ ئەدىبىنى خەلقئالەم ئالدىدا تازا كېلىشتۇرۇپ بەرمەيدۇ! — دېدى بىر بانكىرنىڭ خوتۇنى چىرقىراپ.

ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، ئېسىلزادە خېنىملار بۇ يارىماس قىلىقنىڭ شەھەر باشلىقىنىڭلا قارارى ئىكەنلىكىدىن ھە دەپ گۇمان قىلىشاتتى.

شۇنچە گەپ - سۆزگە سەۋەبچى بولغان ژيۇلېن بولسا ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختىيار ئادەم، دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇ كىچىكىدىن يۈرەكلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئاتنى باشقا خېلى كۆپ يىگىتلەرگە قارىغاندا ئەپچىلرەك مىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۈمۈش پاگونلىرى پۇتۇنلەي يېڭى بولغاچقا، كۆزنى چاقنىتىپ يالتىرايتتى. مىنىۋالغان ئېتى پات - پات چاپچىپ قوياتتى، بۇنىڭدىن ئۇ ئىنتايىن لەززەتلىنەتتى.

رېنال خانىم ئۆزىنى ئۇنىڭدىنمۇ بەختلىكرەك ھېس

قىلاتتى. ئۇ دەسلەپتە ژيۇلىيننى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆزىتىپ تۇردى، كېيىن پەيـ تۇنغا ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى بىر چۆرگىلەپ چىقتى. دەل ژيۇلىيننىڭ ئىتى سەپتىن چىققان پەيتتە رىنال خانىم شۇ يەرگە يېتىشىپ كەلگەندى. ئاندىن پەيتۇن شامال- دەك ئۇچۇپ پادىشاھ ئۆتىدىغان يولغا كەلدى. شەھەر باشلىقى پادىشاھنى قارشى ئېلىش يۇزىسىدىن تەبرىك نۇتقى سۆزلەۋاتقاندا، ئاۋام تەڭلا: «ياشىسۇن پادىشاھىـ مىز!» دەپ تەنتەنە قىلىشتى، ھېلىقى زەمبىرەكتىنمۇ توختىماي ئوق ئېتىلىپ تۇردى.

پادىشاھ ئىلتىپات قىلىپ چىرايلىق سىلىنىغان يېڭى چېركاۋ ئالدىدا توختىدى. شۇنى كۆزدە تۇتۇپ چېركاۋنىڭ تۆت تېمىغا توق قىزىل پەردىلەر تارتىلىپ، چېركاۋ ئىچى ناھايىتى چىرايلىق زىننەتلەپ قويۇلغانىـ دى. شۇنىڭدىن كېيىن چۇشلۇك زىياپەت بولاتتى، ئاندىن پادىشاھ يەنە ساىكت كېرىمون خارابىسىنى زىيارەت قىلىشقا ماڭاتتى. پادىشاھ چېركاۋغا كىرىپ كەتكەن ھامان، ژيۇلىيەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ رىنال ئەپەندىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. يىگىت ئۇ يەردە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆزىگە ياراشقان ھاۋا رەڭ فورمىسى، پاگونى ۋە قىلىچىنى يېشىپ قويدى ـ دە، پېتى چۇشۇپ كونىراپ كەتكەن قارا كاستۇمىنى كىيىۋالدى. كىيىـ مىنى يەڭگۇشلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئاتقا مىنىپ،

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىرىلىئون چىركاۋىغا يې-
تىپ كېلىپ پوپ شېلاننى ئىزدەپ تاپتى.

## ۋىرىيېردىن ئايرىلىش

پوپ شېلان ژيۇلېنغا روھانىيلارنىڭ لىباسى بىلەن يەڭلىرى كەڭ كەلگەن، ئاق مۇراسىم كىيىمى بەردى. ژيۇلېن بۇ كىيىمنى ئالدىراپ كىيدى-دە، پوپ شېلان بىلەن بىللە ئاگدانىڭ ياش ئېپىسكوپىنى ئىزدەپ تې-پىش ئۈچۈن مېڭىپ كەتتى. ئېپىسكوپ ماركىز مول-نىڭ جىيەنى بولۇپ، يېقىندىلا مەنسەپكە ئېرىشكەندى. ئەمدى مۇقەددەس خارابىنى پادىشاھقا كۆرسىتىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپە ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندى. بى-راق ئېپىسكوپنىڭ هازىر نەدىلىكىنى ھېچكىم بىل-مەيتتى.

روھانىيلار بىتاقەت بولۇپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار ئۆز ھۆكۈمدارىنى كونا چىركاۋنىڭ قاراڭغۇ ھويلىسىدا كۈ-تۈۋاتاتتى. ژيۇلېن پوپ شېلاننىڭ كەينىدىن ئېپىسكوپ-نىڭ تۇرار جايىغا كەلدى. ئۇ بۇجغۇر چاچلىرىنى سىپسىلىق قىلىپ تارىۋالغانىدى، بىراق بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن لىباسنىڭ ئېتىكى ئاستىدىن ئۆتۈكىنىڭ شىپورلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى، بۇ ئىش پوپ شېلاننى قاتتىق خاپا قىلدى.

ئۇلار ئېپىسكوپنىڭ تۇرار جايىغا كېلىپ، ئۇچرىغان ھەربىر ئىشىكنى ئىتتىرىپ كۆردى، ئېپىسكوپنىڭ خىزمەتكارلىرى ژيۇلېننىڭ ئالدىراپ - تېنەپ يۈرگەن سىياقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئېپىسكوپنىڭ ئۆزى چاقىرتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ توختىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ گوتا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئازادە ھەم ئىنتايىن قاراڭغۇ بىر زالغا كەلگەندە قەدىمىنى ئاستا توختاتتى. ئۇنىڭ كۆزى زالنىڭ نېرىقى چېتىدىكى يورۇق چۈشۈپ تۇرغان يالغۇز دېرىزە ئالدىدىكى رامكىلىرى قىممەت باھالىق ياغاچتىن ياسالغان ھەرىكەتچان چوڭ ئەينەككە چۈشتى. ئىچىگە قېنىق بېغىر رەڭ ئۇزۇن لىباس، سىرتىغا كەڭ يەڭلىك ئاق مۇراسىم كىيىمى كىيگەن بىر يىگىت ئەينەكتىن ئۈچ قەدەم نېرىدا تۇراتتى. ژيۇلېن يىگىتنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ھالدا ئەينەككە قاراپ ئوڭ قولىنى كەسكىن پۇلاڭلىتىپ، قايتا - قايتا ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ژيۇلېن، — بۇ ياش روھانىي بىرەر تەييارلىق مۇراسىمىنى بېجىرىۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟ ئېھتىمال ئۇ ئېپىسكوپنىڭ ياردەمچىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇ ھېلىقى يىگىتنىڭ ھەرىكىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يىگىت ھېچبىر توختىماستىن ئىلتىجا قىلىش ھەرىكىتىنى ئاستا-

ئاستا داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

يىگىت ئەينەكتىن ژيۇلىننى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرۈلدى ۋە دەررۇ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنتايىن مۇلايىم ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— خوش، ئەپەندى، ئۇ تەييار بولغاندۇ ـ هە؟

ژيۇلېن هەيرانلىقتا داڭقېتىپ قالدى. چۈنكى يىگىت ئۆرۈلۈپ قارىغىنىدا، ژيۇلېن ئۇنىڭ بويىنىدىكى كرېستنى كۆردى، ئۇ ئاگدا ئېپىسكوپىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

— ئىجەب ياشكىنا، — دەپ ئويلىدى ژيۇلېن، — مېنىڭدىن كۆپ بولسا يەتتە ـ سەككىز ياش چوڭغۇ دەيمەن.

ئېچىلىپ قالغان شپورلىرىدىن ژيۇلېن ئىزا تارتىپ ئەيمىنىپرەك جاۋاب بەردى:

— هەزرىتىم، مېنى پوپ شېلان ئەۋەتتۇىدى.

— هە، كەچۈرۈڭ ئەپەندى، مەن سىزنى باش كىيىمنى ئېلىپ كەلگەن كىشىمىكىن دەپ قاپتىمەن. پارىژدا ئۇنى ياخشى بوپىلىماپتىمەن، ئۈستىدىكى كىمخابلىرى بەك پۇرلىشىپ كەتكەنىدى، — دېدى ياش ئېپىسكوپ غەزەپ ئارىلاش تولۇقلاپ، — بۇ يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، يەنە كېلىپ مېنى يەنە كۈتۈشكە مەجبۇر قىلىشىۋاتىدۇ.

— هەزرىتىم، ئەگەر ئىجازەت بەرگەن بولسىڭىز،

بىرىپ باش كىيىمىڭىزنى ئېلىپ كەلگەن بولسام.

— بىرىپ چاپسان ئېلىپ كېلىڭ، ئەپەندى، — جاۋاب بەردى ئېپىسكوپ سەمىمىي ۋە بىرخىل خۇش پېئىللىك بىلەن، — ئۇ ماڭا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كېرەك.

ژيۇلىېن خىزمەتكارلارنىڭ يېنىدىن ئېپىسكوپنىڭ باش كىيىمىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى كۆتۈرۈپ زالغا كىردى، ئېپىسكوپ يەنىلا بىر خىل ھەرىكەت بىلەن ئىلتىجا قىلىشنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. ژيۇلىېن ئۇنىڭغا باش كىيىمنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئېپىسكوپ بېشىنى چايقاپ ـ ئىرغىتىپ كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن:

— ھەببەللى، مانا ئەمدى بولدى، ئەمدى مەرھەمەت قىلىپ سەل چەتتىرەك تۇرۇڭ — ، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېپىسكوپ زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى ـ دە، ئاستا ئەينەككە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە قەھر ـ غەزەپ ئىپادىسى پەيدا بولدى.

ژيۇلىېن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئېپىسكوپ توختىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەزەپلىك ئىپادە بىردىنلا غايىب بولدى، ئۇ ژيۇلىېنغا قاراپ سورىدى:

— ئەپەندى، باش كىيىم بېشىمدا ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟

— ئىنتايىن بەلەن تۇرۇپتۇ، ھەزرىتىم.

— ھەرھالدا بەكمۇ ئارقىغا كىيىلىپ قالمىغاندۇ؟ بىراق، ئوفىتسېرلاردەك پېشانىگە پاتۇرۇپ كىيىۋالساممۇ بولمايدۇ. بولۇپمۇ يېشىمنى نەزەردە تۇتقاندا، يەڭگىلتەك

بولۇپ كۆرۈنۈشنى خالىمايمەن.

ئېپىسكوپ يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ئىلا-تىجا قىلىشقا باشلىدى.

— مانا ئەمدى تەييارمەن، — دېدى ئېپىسكوپ، — ئەپەندى، بېرىپ شىلان ئەپەندىگە خەۋەر قىلىڭ.

دىني خادىملار چېركاۋغا كىرىشكە باشلىدى. شۇ چاغ بىردىنلا قورقۇنچلۇق ئاۋاز كەلدى — چېركاۋنىڭ كونا گۇمبەزلىرى غۇلاپ چۈشىدىغاندەك قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. بۇ يەنىلا زەمبىرەكنىڭ ۋەھىمىسى ئىدى، ئۇنى چېركاۋ ئەتراپىغا تۆت جۈپ ئات سۆرەپ كەلگەندى، زەمبىرەك يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئۇنىڭدىن گويا ئالدىدا پرۇسسىيىلىكلەر تۇرغاندەك مىنۇتىغا بەش مەرتەمدىن ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى.

كىشىلەرنى چۆچۈتىدىغان بۇنداق زەمبىرەك ئاۋازى ژيۇلىيەننى ئەمدى ھاياجانلاندۇرمايتتى، ئۇ ھەربىي شان - شۆھرەتكىمۇ تەلپۈنمەيتتى.

— ئۆزى ياپياشلا تۇرۇپ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئاگدانىڭ ئېپىسكوپى بولۇۋاپتۇ، مۇشۇ مەنسىپى ئۈچۈن قانچىلىك مائاش ئالىدىغاندۇ؟ ئېھتىمال 200 _ 300 مىڭ فرانك ئالىدىغاندۇ.

پادىشاھ ۋېرىيېردىن كېتىش ئالدىدا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن موئارو ئەپەندىنى يوقلاپ ئۆتتى. موئارو ئەپەندى ئاتتىن يىقىلىپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن

كېيىن، ئوردىن ئېلىش ئۈمىدىدە ئۆيدىن تالا ــ تۈزگە چىقتى.

پادىشاھ ۋېرىپېرغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قايتقىنىغا سەككىز كۈن بولغاندىن كېيىنمۇ، پۈتۈن شەھەر خەلقى ئارىسىدا ياغاچچىنىڭ ئوغلى ژيۇلېن سورېلنىڭ ئويلىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ھۆرمەت قاراۋۇلى قوشۇنىنىڭ ئەزاسى قىلىپ قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى مىش ــ مىش گەپلەر بېسىقمىدى. كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بۇ ئىشنى ئۆرپ ــ ئادەتنى بۇزغانلىق دەپ قاراشتى. ئۇلارچە بۇ بىمەنە ئىشنى قىلغۇچى دەل خورىكى ئۈستۈن رېنال خانىم ئىدى. ئۇنى بۇنىڭغا نېمە مەجبۇر قىلدى دەمسىز؟ نېمە بولاتتى، ياش دىنىي خادىم سورېلنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئاقپىشماق، خۇشخۇش چېھرىسى ــ دە.

ئېلىزا خانىقىز ۋالېنونى تېپىپ، ژيۇلېنىنىڭ قاتتىق غەيۋىتىنى قىلدى. ئۇ بۇ ئائىلە مۇئەللىمىگە قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى، چۈنكى ژيۇلېن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغانىدى. ۋالېنو ئۆزىنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىگە تېگىدىغان بىرمۇنچە ئىشلاردىن خەۋەردار بولدى. رېنال خانىم بۇ جايدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال بولۇپ، ۋالېنو ئۇنىڭغا چەكسىز غەمخورلۇق قىلىپ كۆيۈنۈپ كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ ئەمدىلىكتە ئائىلە مۇئەللىمى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ياش كاسىپنى ئۆزىگە ئويناش قىلىۋاپتۇ! يەنە كېلىپ ئېلىزانىڭ

دېيىشىچە، ژيۇلېن ئەپەندى ھېچبىر كۆچمەيلا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانمىش.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، شەھەر باشلىقى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە سادىر بولغان بىر ۋەقە ئاشكارىلانغان بىر پارچە ئىمزاسىز ئۇزۇن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى. رېنال ئەپەندى يۈزلىرى بىردەم قىزىرىپ ـ بىردەم تاتىرىپ، پات ـ پات قەھر ـ غەزەپ بىلەن ژيۇلېنغا نەزەر تاشلىدى.

كۆز كۆنلىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، ۋېرژىدىن ئايرىلىپ ۋېرىيېرغا قايتىشقا توغرا كەلدى، بارلىق شەھەر ئاھالىلىرىنى ئېسىلزادە گۈزەل رېنال خانىمنىڭ ئىشقى مۇھەببەت سەتچىلىكى جەلپ قىلىدۇالغانىدى.

پوپ شېلان ئەتىسى ئەتىگەندە ژيۇلېننى چاقىرتتى.

— مەن سىزدىن ھېچ نەرسىنى سورىماقچى ئەمەسمەن، — دېدى ئۇ ژيۇلېنغا، — بەلكى سىزنىڭ پەقەت ئۈچ كۈن ئىچىدىلا بۇ يەردىن كېتىشىڭىزنى، بېزانسۇن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، مەن ھەممىنى ئويلاپ، جىمى ئىشنى توغرىلاپ قويدۇم، بىر يىلغىچە ۋېرىيېردا كۆرۈنمەسلىكىڭىز كېرەك.

ژيۇلېن جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ھەممە گەپنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن دەرھال رېنال خانىمنىڭ يېنىغا چاپتى. رېنال خانىم تامامەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى، ئۇنىڭ ئېرى رېنال خانىمغا غەزەپ بىلەن گەپنىڭ ئو-



چۈقىنى قىلغانىدى، ئايرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش قىيىن ئىدى.

ژيۇلېن ۋېرىيېردىن كەتتى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. بىراق ئۇ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان بۇ شەھەردىن بىر چاقىرىم يىراقلاپلا، بېزانسۇندەك كاتتا شەھەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشنىڭ بىردىنبىر بەخت ئىكەنلىكىدىن باشقىنى ئويلىمىدى.

## ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى

ئاخىر ئۇ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاپقارا قاشا تامغا نەزەر تاشلىدى. ئۇ بېزانسۇن ئىدى.

—مانا ئەمدى، — دېدى ژيۇلېن ئۆزىچە خۇرسەنلىكتە، — بۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم بازارغا كەلدىم، ناۋادا بۇ يەرنى قوغدايدىغان بىر پولكقا كىرىپ، كەنجى لېيتېنانت بولغان بولسام، كۆڭلۈم قانچىلىك يايراپ كېتەتتى ـ ھە!

بېزانسۇن فرانسىيىنىڭ ئەڭ گۈزەل شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا يەنە كۆپلىگەن دانىشمەن ۋە بىلىملىك كىشىلەرمۇ توپلانغانىدى. ئەپسۇسكى، ژيۇلېن ئاددىيغىنا سەھرالىق يىگىت بولۇپ، مەشھۇر ئادەملەر بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

دەرۋازىدىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن كىرېست يە-
راقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئۇ يەرگە يېقىنلىشىپ بار-
غانسېرى ژيۇلېننىڭ پۇتلىرى بوشىشىپ كەتتى.

— مانا ئۇ يەر يۇزىدىكى جەھەننەم! ئۇ يەردىن قاي-
تىپ چىقالمايمەن ئەمدى! — دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاخىر
قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى چالدى.
قوڭغۇراق ئاۋازى خۇددى ئادەم ياشىمايدىغان بىنادىكىدەك
ئۇزاق ۋاقىت ئەكس سادا بېرىپ جاراڭلىدى. ئارىدىن ئون
مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دەرۋازا ئالدىغا باش-
تىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيگەن، چىرايى تاتىراڭغۇ بىر
ئادەم كەلدى. ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى خۇددى مۈشۈكنىڭ-
كىدەك كۆپكۆك، يۇمىلاق بولۇپ، كىرپىك قاقماي تۇ-
رۇشى رەھىم ـ شەپقەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىل-
مەيدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى؛ ئاغزىدىن چىشلىرى ئېچى-
لىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق
رەزىللىكنىڭ ئالامەتلىرى ئەمەس، بەلكى ياشلارنى ۋە-
ھىمىگە سالىدىغان بىر خىل بىپەرۋالىق چىقىپ تۇ-
راتتى. ژيۇلېن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپلا دەرھال يەرگە
قارىدى، ئارقىدىن مەجبۇرىي يوسۇندا بېشىنى كۆتۈرۈپ
ئۇ ئادەمگە قارىدى، يۈرىكى ھەددىدىن تاشقىرى گۈپۈلدەپ
سوقۇۋاتقاچقا، تىلى ئاران سۆزگە كەلدى؛ ئۇ تىترىگەن
ئاۋازدا ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى پىرار ئەپەندى
بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قارا كىيىملىك بۇ

ئادەم گەپ ـ سۆز قىلماي، كەينىمدىن يۈرۈڭ، دېگەن ئىشارىنى قىلدى. ئۇلار 3 ـ قەۋەتكە چىقىپ، قەبرىستاندىلىقتا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان يوغان كرېست ئېسىقلىق تۇرغان كىچىككىنە بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك تەسلىكتە ئېچىلدى، دەرۋازىۋەن ئۇنى باشلاپ قاراڭغۇ ھەم پەس بىر خانىغا ئېلىپ كىردى ـ دە، ژيۇلېننى شۇ يەردە يالغۇز قالدۇردى؛ ئۇ قورققىنىدىن مۇردىدەك قېتىپلا قالدى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۇ قاتتىق بىر يىغلىۋالسا كۆڭلى بىرئاز ئاراممىغا چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى. پۈتۈن بىنادا گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۇنىڭغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدەك تۇيۇلغان چارەك سائەتتىن كېيىن، دەرۋازىۋەننىڭ بەتبەشىرە قىياپىتى يەنە پەيدا بولدى؛ ئۇنىڭ چىشلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇندىمەي ژيۇلېنغا كەينىدىن مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۇلار چوڭراق، ئەمما قاپقاراڭغۇ دېگۈدەك بىر خانىغا كىردى، خانىنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئۆي سايمانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ژيۇلېن بۇ خانىنىڭ بۇلۇڭىغا بىر ياغاچ كارىۋات، بىر جۈپ توقۇلما ئورۇندۇق ۋە بىر دانە پاكار يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قويۇلغانلىقىنى كۆردى. خانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۇچىسىغا كونا ئۇزۇن چاپان كىيگەن بىر ئادەم تۇراتتى. ئۇ ئادەم نىمىدىندۇر ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى ھەمدە

خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ژيۇلېننى كۆرمىگەندى.

شۇ ھالەتتە ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى، ھېلىقى ئادەم توختىماي بىرنېمىلەرنى يازاتتى. ژيۇلېن شۇ قەدەر ھاياجالانغان ھەم قورقۇپ كەتكەن ئىدىكى، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى.

خەت يېزىۋاتقان ئادەم بېشىنى كۆتۈردى.

— يېقىنراق كەلسىڭىز قانداق؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم تاقەتسىزلىك بىلەن.

ژيۇلېن ئىرغاڭلىغىنىچە بېرىپ ئۈستەلدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا توختىدى.

— يېقىنراق كېلىڭ، — دېدى يەنە ھېلىقى ئادەم.

ژيۇلېن يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىرەرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك، قوللىرىنى سوزۇپ يەنە ئازراق يېقىنلاشتى.

— ئىسمىڭىز؟

— ژيۇلېن سورېل.

— سىز خېلى كېچىكىپ قالدىڭىز، — دېدى ئۇ ئادەم ژيۇلېنغا تىكىلىپ، ئۇ كۆزلەرنىڭ تىكىلىشىگە خېلى قەيسەر ئادەممۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

ژيۇلېن بۇنداق دەھشەتلىك قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇ گويا بىرەرنەرسىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى ـ دە، ئىرغاڭلىغىنىچە بېرىپ پولغا تىك موللاق چۈشتى.

ئۇ ئادەم قوڭغۇراق چالدى. بىرەيلەن كىرىپ ژيۇ-لىيىننى يۆلەشتۇرۇپ كىچىك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ژيۇلىن كۆزىنى ئاچقىنىدا، ئۇ ئادەمنىڭ يەنىلا خەت يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇر-غىنىنى كۆردى.

— چىدامىلىق بولۇشۇم كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىگە ئۆزى ئىلھام بېرىپ، — ھەممىدىن مۇ-ھىمى كۆڭلۈمدىكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلى-كىم كېرەك.

ئاخىر ھېلىقى ئادەم يېزىشتىن توختاپ ژيۇلىنغا كۆز قىرىنى تاشلىدى.

— سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلەمسىز؟

— بېرەلەيمەن، ئەپەندى، — دېدى ژيۇلىن پەس ئاۋازدا جاۋابەن.

ئۇزۇن چاپانلىق ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىراپ-تېنەپ ئۇستەل ۋە تارتمىلارنى ئاختۇرۇپ بىر پارچە خەتنى ئىزدىدى، خەتنى تاپقاندىن كېيىن ئاستا جايىغا ئولتۇردى، ئاندىن گويا ژيۇلىننىڭ جېنىنى ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى.

— سىزنى ماڭا شىلان ئەپەندى تەۋسىيە قىپتۇ. ئۇ ساپ دىل، ساخاۋەتلىك ئادەم، مېنىڭ 30 يىللىق دوستۇم بولىدۇ.

— دېمەك، مەن پىرار ئەپەندى بىلەن سۆھبەتلىشىش

شەرىپىگە مۇيەسسەر بوپتىمەن ـ دە! — دېدى ژيۇلېن ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ھالدا.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، شېلان ئەپەندى خەتنى قىسقىلا يېزىپتۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئارقىدىن خەتنى ئۈن-لۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

*«تەۋەيىمىزدىن ژيۇلېن سورېلنى يېنىمىزغا ئەۋەتتىم. ئۇ بىر دۆلەتمەن ياغاچچىنىڭ ئوغلى، بىراق ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدىكەن. ژيۇلېن تەڭرى يولىدا چىن دىلىدىن خىزمەت قىلماقچى، زېھىن ۋە خاتىرىنى ئۇنىڭغا تەڭرىم ئاتىماي بەرگەن، ئۆزىمۇ ئىرادىلىك، زېرەك يىگىت. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىنتىلى-شى ۋاقىتلىقمىدۇ؟ چىن يۈرەكتىنمىدۇ ـ ھە؟ بۇنى ھا-زىرچە بىلىش قىيىن. سىزدىن ژيۇلېن سورېلغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئۇ شۇ-نىڭغا مۇناسىپ، ئەلۋەتتە زۆرۈر ئىمتىھانلارنى ئېلىشى-ڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنى مۇۋاپىق ئەمەسكەن دېسىڭىز ماڭا قايتۇرۇۋېتىڭ. سىز ئوبدان بىلىدىغان ۋالېنو ئە-پەندى ئۇنى يىلىغا 800 فرانك مائاش بىلەن ئائىلە مۇ-ئەللىمى قىلماقچى.»*

— بۇ يەردە 321 نەپەر ئوقۇغۇچىم بار، — دېدى پوپ جىددىي، ئەمما سىلىقراق ئاھاڭدا، — ئۇلاردىن سەككى-زىنى پوپ شېلاندەك مۇشۇنداق ئابرويلۇق ئادەملەر ماڭا تەۋسىيە قىلغان، سىز توققۇزىنچىسى بولىسىز. بىراق

مېنىڭ خەيرخاھلىقىم رەھىمدىللىك قىلىش ۋە تەلەپنى بوشاشتۇرۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى مەن غەمخورلۇق بىلەن قاتتىق تەلەپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. سىز لاتىن تىلىدا سۆزلىشەلەمسىز؟

— ھەئە، سۆزلىشەلەيمەن، — دېدى ژيۇلېن جاۋابەن. ئارقىدىن ئۇلار لاتىن تىلىدا سۆھبەتلەشتى. پوپنىڭ قاراشلىرى ئاستا ـ ئاستا مۇلايىملىشىشقا باشلىدى؛ ژيۇلېنمۇ بارغانسېرى دادىللىشىپ كەتتى. پوپ پىرار ژيۇلېندىن ئىلاھىيەتتىن ئىمتىھان ئالدى. ئۇ ژيۇلېننىڭ بىلىمىنىڭ شۇ قەدەر كەڭلىكىنى بىلىپ ھەيران قالدى. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ژيۇلېنغا پىرار ئەپەندى قەستەن قاتتىقلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پوپ پىرار ژيۇلېنغا ئۆزىنىڭ رازىلىقىسىز ھېچقانداق مەخپىي جەمئىيەت ياكى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇپ كىرمەسلىكىنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى.

— مەن ئۆز نام ـ شەرىپىم بىلەن ۋەدە بېرىمەن، — دېدى ژيۇلېن جاۋابەن.

ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى مۇدىرىنىڭ چىرايىدا تۇنجى قېتىم تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— بۇ ئىبارە بۇ يەردە پۈتۈنلەي ئورۇنسىز، — دېدى

ئۇ، — چۈنكى ئۇ پانىي دۇنيا كىشىلىرىگە شۆھرەتپە-رەسلىكنى ئەسلىتىدۇ. دەل بۇ خىل شۆھرەتپەرەسلىك كىشىلەرنى خاتالىشىشقا، ھەتتا جىنايەتكە باشلايدۇ. سىز ماڭا ئىتائەت قىلىشىڭىز زۆرۈر. مەن سىزنىڭ دىنىي باشلىقىڭىز بولىمەن. قەدىرلىك ئوغلۇم، بۇ ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىدا گەپ ئاڭلاش ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر. يېنىڭىزدا قانچىلىك پۇلىڭىز بار؟

— 35 فرانك، پوپ.

— ھەممە سەرپ - خىراجەتلىرىڭىزنى تەپسىلىي يېزىپ مېڭىڭ. ۋاقتىڭىز يەتكەندە ماڭا ھېسابات بەر-مىسىڭىز بولمايدۇ.

سەۋر قىلىپ بولمايدىغان بۇ سۆھبەت توپتوغرا ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ژيۇلېن بېرىپ دەرۋازىۋەننى چاقىرىپ كەلدى.

— ژيۇلېن سورېلنى 103 - ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇ-رۇڭ.

ئۇ ژيۇلېنغا ئايرىم خانا بەردى، بۇ ئالاھىدە ئىلتىپات ھېسابلىناتتى.

103 - نومۇرلۇق ھۇجرا بىنانىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە جايلاشقان كاتەكتەكلا بىر ھۇجرا ئىدى. ژيۇلېن ئۇنىڭ دېرىزىسى قەلئە تېمىغا قارىغانلىقىنى كۆردى، دېرىزى-دىن قارىغاندا گۈزەل دالا كۆزگە تاشلىناتتى.

— مەنزىرىسى نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! — دېدى

ژيۇلېن ماختاپ.

ئۇ دېرىزە يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە دەرھال قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. كەچلىك تاماقتا داڭ ئۇرۇلغاندىلىقىنىمۇ، ئۇخلاش ئالدىدا ئىبادەت قىلىشقا قوڭغۇراق چېلىنغانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىدى؛ باشقىلارمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، سېخىي قۇياشنىڭ نۇرى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ پولدا ياتقانلىقىنى بىلدى.

ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ پەسكە چۈشتى، ئۇ كېچىكىپ قالغانىدى. نازارەتچى ئۇنى قاتتىق بىر ئەدەپلەپ قويۇۋىدى، ژيۇلېن ئۆزىنى ئاقلاش ئورنىغا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ:

— گۇناھكارمەن، گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالىمەن، پوپ، — دېدى پۇشايمان قىلغان ئاھاڭدا.

ئىشنىڭ بۇنداق باشلىنىشى كاتتا مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن قۇۋراقلىرى ئۆزى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان بۇ كىشىنىڭ بۇ ساھەدە خام ئەمەسلىكىنى بايقاشتى. ژيۇلېن ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ قىزىقىدىغان نىشانى بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيدى. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ سىر ساقلايدىغان ۋە كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلىشتى. ژيۇلېن ئۆزى بەلگىلىۋالغان قائىدىگە رىئايە قىلىپ، 321 ساۋاقدىشىنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن دەپ قارىدى. پوپ پىرار ئۇنىڭغا

دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ خەۋپلىكى بولۇپ تۇيۇلدى.

— ھەي، ساختىلىق ھازىر مېنىڭ بىردىنبىر قو-رالىمغۇ! — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، — ئەگەر باشقا ۋا-قىت بولغىنىدا ئىدى، مەن رىزقىمنى بايرىقىم روشەن ھالدا كۆرەش قىلىش بىلەن تاپقان بولاتتىم.

## سىناق

ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىدىكى 321 نەپەر ئوقۇغۇچى-نىڭ كۆپ قىسمى چالا ساۋات ئىدى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە لاتىنچە سۆزلۈكلەرنى يادلىسىمۇ، ئۇنىڭ مە-نىسىنى چۈشەنمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ-لارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، يەر تېرىپ كۈن كەچۈرگەندىن كۆرە، لاتىن تى-لىدىكى بىرنەچچە سۆزنى يادلىۋېلىپ نان تېپىپ يې-يىش ئاسانراق دەپ ھېسابلىشاتتى. مانا بۇ يوقسۇللار-نىڭ بالىلىرى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا كېلىشتىن ئىلگىرى، قېتىق ھەم قارا بولكا بىلەن قورساق بېقىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئۆز كەپىلىرىدە يى-لىغا بىرنەچچە قېتىملا گۆشلۈك تائاملارغا ئېغىز تېگىدىغانلاردىن ئىدى. گويا قەدىمكى رىم ئەسكەرلىرى ئۇرۇشنى دەم ئېلىش دەپ ھېسابلىغىنىغا ئوخشاش، ئوقۇمىغان بۇ قارىتورۇك دېھقان بالىلىرى ئىلاھىيەت

ئىنستىتۇتىنىڭ ھاياتىغا قاتتىق مەپتۇن بولۇپ قې-لىشقانىدى. ژيۇلېن ئۇلارنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن قورساقلىرى تويۇشتىن كېيىنكى مەمنۇن بولۇش بىلەن غىزالىنىشتىن ئىلگىرىكى ئىنتىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندەك بولدى. دەل ئاشۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر ئارىسىدا ژيۇلېن نام چىقىرىشى كېرەك ئىدى.

ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا كىرگەن دەسلەپكى بىر-نەچچە كۈندە، ژيۇلېن ناھايىتى تېز مۇۋەپپەقىيەتكە ئې-رىشىمەن دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلدى.

— ھەر قانداق ئىشتا كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەم-لەر بولۇشى كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — چۈنكى ئا-خىرقى ھېسابتا خىزمەتنى ئادەم ئىشلىشى كېرەك - تە! ناپولېئوننىڭ ئارمىيىسىدە مەن سېرژانت بولاتتىم؛ كەلگۈسىدىكى ماۋۇ پوپلار ئارىسىدا مەن چوقۇم مۇۋەققەت ئېپىسكوپ بولىمەن.

ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي پوپلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بەزى نەرسىلەرنى ئىگىلىۋالدى، بىراق، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ نەرسىلەر ساختا بولۇپ، ئۇ بۇ ئىشلارغا قىلچە قىزىقمايتتى، لېكىن ئۇ بۇ يەردە مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىشىم يوق دەپ ھېسابلايتتى.

— مېنى ھەممە ئۇنتۇپ كەتكەن بولسا؟ — دەپ ئوي-لايتتى ئۇ. ژيۇلېن پىرار ئەپەندىنىڭ قانچىلىك خەتلەرنى

تاپشۇرۇۋالغانلىقى ھەمدە كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. بۇ خەتلەر ئىمكانقەدەر ئەدەپ چېگرىسىدىن چىقـ ماي يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇر ئارىلىرىدىن ئوتـ تەك قىزغىن مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، ئۇ خەتلەردە قاتتىق پۇشايمان، بار كۈچى بىلەن قەلبىگە يوشۇرۇپ كەلگەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مانا مەن دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، — بەك ياخشى بوپتۇ، بۇ يىگىت ھەرھالدا ئىمانلىق ئايالنى سۆيگەن ئىكەنغۇ! — دەپ ئويلىدى پوپ. بىر كۈنى پوپ پىرار يەنە بىر پارچە خەتنى يىرتىپ ئاچتى، بۇ خەت بەئەينى كۆز ياشلىرى بىلەن يېزىلغاندەكلا بولۇپ، ئۇ ئەبەدىي ۋىدالىشىش توغرۇلۇق يېزىلغان خەت ئىدى.

ژيۇلېننىڭ روھىي چۈشكۈنلۈكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ تامىقىنىڭ ناچارلىقى دەسـ لەپتە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن فوكې ئۇنىڭ ياتىقىدا پەيدا بولدى.

— سېنى ئاخىر تاپتىم، سېنى كۆرۈش ئۈچۈن بېزانسونغا بەشىنچى قېتىم كېلىشىم. ھەر نۆۋەت دەرـ ۋازىۋەن قاپاقلىرىنى تۇرۇپ، مېنى كىرگىلى قويمىدى. ھۇ... شورى قۇرۇغۇر! سەن نېمىدەپ كوچىغا زادىلا چىقمايسەن؟

— مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم سىناۋاتىمەن.



— ياپىر، بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، ھەرھالدا سېنى كۆرىدىغان كۈنمۇ بولىدىكەن. بەش فرانكلىق ئىككى دانە تىللا ھازىر يولۇمنى ئاچتى.

ئىككى دوستىنىڭ پارىڭى تۈگەي دېمەيتتى. بىراق فوكې ئۇنىڭغا:

— ساڭا دېسەم، بىلەمسەن، ئوقۇغۇچىلىرىڭنىڭ ئاپىسى تولىمۇ تەقۋادار بولۇپ كەتتى، — دېۋىدى، ژيۇلېننىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، — ئۇ ناھايىتى تەقۋادار بولۇپ كەتتى. پوپ ماسلوننىڭ ئۇزاق ۋاقىت شىلان ئەپەندىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ جاسۇسلۇق قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان رېنال خانىم ماسلون بىلەن گەپلىشىشنى خالىماي، گۇناھىنى توۋا قىلىش ئۈچۈن بېزانسۇنغا بارىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇ بېزانسۇنغا كېلىپ تۇرامدۇ؟ — ژيۇلېننىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى.

— ھەئە، پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ، — دېدى فوكې جاۋابەن.

ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ژيۇلېننىڭلا ئۆز ئالدىغا قارىشى بار ئىدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزەرىدە، شەكسىزكى، بۇ ئەڭ چوڭ جىنايەت ھېسابلىناتتى، ژيۇلېن كاللا ئىشلىتىشكە ئامراق ئىدى. ئومۇمەن ئۆزى ھۆكۈم قىلالايدىغانلىكى ئىشلاردا نوپۇزلۇق كىشى ياكى ئۆلگىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمايتتى. بۇ نۇقتىنى ئۇ-

ىنىڭ ئۆزىمۇ تونۇپ يەتكەنىدى، شۇڭا ئۆزىگە ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلاتتى.

— بۇ يەردىكى بىلىمنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوق ئىكەن، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئەلەم بىلەن، — دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار تارىخىنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش يۈزەكى رول ئوينايدىكەن. كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش ئەخمەقلەرنى ئالداش ئىكەن. ئەپسۇس! مېنىڭ بىردىنبىر ئۇستۇنلۇكۇم تېزلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىمدە، ئەنە شۇ بولمىغۇر سەپسەتىلەرنى ئەستە ساقلاشقا ماھىر بولغانلىقىمدا. مەن دائىم بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، دۈشمەنلىرىمنى كۆپەيتىۋاپتىمەن. ماڭا قارىغاندا خېلى كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان شازىلمۇ دائىم بىمەنە بىر نەرسىلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن 50 ـ ئورۇندا سۆرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتمەكچى بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچىمەيدۇ.

كاتتا بايرام كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا كولباسا بىلەن تۇزلانغان يېسىۋىلەك بېرىلەتتى. ژيۇلېن بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرىدىغانلار ئۇنىڭ شۇنداق ئېسىل تائامغا پەرۋاسىز قارىغانلىقىنى سېزىپ قېلىشتى ـ دە، بۇنى ئەڭ چوڭ جىنايەتنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاشتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ ئەخمەقانە ساختىپەزلىك بولۇپ، ژيۇلېن ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقى بىلەن ئۆزىگە دۈشمەننى تېخىمۇ

كۆپەيتىۋالدى.

— تۈۋا! مېنىڭ بۇ ساۋاقداشلىرىم — ماۋۇ سەھرالىق يىگىتلەرنىڭ نادانلىقى ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئارتۇقچىلىقى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ! — دەيتتى ژيۇلېن ئۇمىدسىزلىككە چۈشكەن چاغلىرىدا، — ئۇلار ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغىنىدا، ئۇستازلىرىنىڭ ئىنتايىن ساددا بۇ يىگىتلەرنىڭ كاللىسىدىن مەن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ۋە يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانسېرى ساۋاقداشلىرىم چىرايىمدىن ئۇقۇۋېلىۋاتقان تۇرلۇك دەھرىي ئىدىيەلەرنى قوغلاپ چىقىرىشىغا توغرا كەلمەيۋاتىدۇ.

ژيۇلېن ھەۋەسكە ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىقىش بىلەن ئۇ سەھرالىق يىگىتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتتى. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ زور بەخت — قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇش ئىدى.

ژيۇلېن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلارنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمىغانىدى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىلىدا رەھىم - شەپقەت تۇيغۇسى ئويغانغاندەك بولدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ دادىسى كەچقۇرۇنلۇقى كۈلبە - كەپىلىرىگە قايتقىنىدا ئۆيلىرىدە نە بىر بۇردا بولكا، نە بىر تال ياڭيۇمۇ بولمىغان چاغلار كۆپ بولاتتى.

— ئەگەر ئۇلار، — دەيتتى ئۆزىگە ئۆزى ژيۇ-

لىن، — بەختلىك ئادەم دېگەندە، بىرىنچىدىن، قورسى-قىنى ئوبدان تويغۇزغان؛ ئىككىنچىدىن، ياخشى كىيىن-گەن ئادەمنى چۈشەنسە، بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان نېمىسى بار؟! بۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىرادىسى قەتئىي، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلار پوپ كەسپىدىن مەڭگۈلۈك بەختنى، يەنى مەڭگۈ ئاچ ـ يالىڭاچ قالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.

ژيۇلىيېننىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى هاياتى ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىلاھىيەت ئىنستى-تۇتىدا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بەك تۇتۇق ئىدى، بەزىدە ئۇ تولىمۇ بىزار بولاتتى، ھەتتا چىدالمىغانلىقىنى يوشۇرالمايتتى. ئەگەر بۇنداق چاغ-لاردا بىرەر ئادەم سىرتتىن ئۇنى كىچىككىنە بولسىمۇ قوللىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ چىدالمىغانلىقى خېلىلا چىڭىغان بولاتتى، ئەپسۇسكى، ئۇ دېڭىزغا تاشلاپ كې-تىلگەن كىچىككىنە قېيىقتەك يەككە ـ يېگانە ئىدى.

— ئەگەر بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىنىمدى-مۇ، — دەيتتى ئۇ دائىم ئۆزىگە ئۆزى، — ئۆمۈر بويى ئەنە شۇ چاكىنا ئادەملەر ئارىسىدا ياشىشىمغا توغرا كېلىدۇ! يەنە كېلىپ، ئۇلار مەخسۇس قورساق تويغۇزۇش كويىدىلا يۈرىدىغان يۈزسىز بېزەڭلەر ياكى ھەرقانداق گۇناھنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت دەپ قارايدىغان پوپلار دېگىنە تېخى. ئۇلار ھوقۇق تەختىگە چىقىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدۇ ـ ھە! يا رەببىم! ئىنسان

ئىرادىسى قەيسەر بولىدۇ، لېكىن دىلىمدىكى شۇنچە چوڭقۇر نەپرەتنى يېگىشكە قۇدرىتىم يېتەرمىكىن؟ ئۇ-لۇغ ئادەملەرگە جاسارەت كۆرسىتىش ئاسان ئىدى، قانداق خەتەر تەھدىت سالسۇن، ئۇلارغا خەۋپ گۈزەل بولۇپ كۆرۈنەتتى، لېكىن مېنىڭ ئەتراپىمنى ئوراپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ نەقەدەر يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى ئۆ-زۈمدىن بۆلەك كىممۇ چۈشىنەلەيدۇ، دەيسىز؟

بۇ ژيۇلېننىڭ هاياتىدىكى ئەڭ قىيىن سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەن چاغلار بولدى. ئۇ بېزانسۇندا شەھەر مۇداپىئە قوشۇنىغا قاتناشسىمۇ بولاتتى، مۇئەللىم بولۇپ لاتىن تىلى ئۆتسىمۇ بولاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان ئىدى، قانداقلىكى بولمىسۇن، بىمالال كۈن كۆرۈشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ تەلىپىمۇ قاناتتى. بىراق ئۇنداق قىلسا، تەسەۋۋۇرىدىكى ئىشلار يوققا چىقاتتى، ئىستىق-بالى ئۆزىگە غۇۋا بولۇپ قالاتتى.

## دەسلەپكى قەدەمدە كۆزگە كۆرۈنۈش

ژيۇلېن ئۆزىنى كەمتەر ـ كىچىك پېئىل ۋە خۇپسەن ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشكە قانچىلىك ئۇرۇنمىسۇن، ئۇستازلىرىنىڭ كۆڭلىگە پەقەتلا ياقمىدى، چۈنكى ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايتتى.

— هەرهالدا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — نېمە ئۈچۈن

ئۇستازلىرىمغا مېنىڭ كەمتەرلىكىم ياقمايدىغاندۇ؟ ئۇستازلىرىدىن بىرسىلا ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەتتى، ئۇ كىشى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىدا ۋەز ئېيتىش سەن‍ئىتى دەرسى بېرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە چېركاۋ مۇراسىملىرىنى باشقۇرۇشقا قوشۇمچە مەسئۇل بولغان پوپ شابېرنار ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم دەرستىن كېيىن دوستانىلىق بىلەن ژيۇلېننىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ باغدا تاماشا قىلاتتى.

— ئۇ زادى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچىدۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ژيۇلېن. پوپ شابېرنارنىڭ چېركاۋ ئىچىدىكى زىننەت بۇيۇملىرى توغرىسىدا سائەتلەپ قىلغان ھېكا‌يىلىرىنى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن تىڭشايتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرس ۋاقتىدا ژيۇلېن پوپ پىرارنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرتىلدى.

— ئەتە كاتولىك بايرىمى. پوپ شابېرنار چوڭ چېركاۋنى زىننەتلەشتە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج، مەرھەمەت قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىڭ ۋە ئېيتقانلى‌رىنى بېجىرىڭ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ژيۇلېن چېركاۋغا باردى. ئۇ پوپ شابېرنارنى يىراقتىن كۆردى. شۇ كۈنى ئۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، ئاجايىپ يايراپ كەتكەنىدى.

— سىزنى كۈتۈۋاتاتتىم، قەدىرلىك ئوغلۇم! — دېدى ئۇ ژيۇلېن كۆرۈنگەن ھامان يىراقتىن، — خۇش

كېلىپسىز! بوگۇن قاتتىق ئىشلىشىمىزگە توغرا كې-لىدۇ، ئىش خېلىلا ئېغىر. كېلىڭ، ناشتا قىلىپ كۈچ يىغىۋالايلى. چۈشلۈك تاماقنى سائەت ئونلاردا ئېلىپ كېلىدۇ.

پوپ شابېرنار ئىش ئېغىر دەپ بىكار ئېيتماپتى-كەن: چۈشكىچە ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدىغان گوتا ئۇسلۇبىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممە-سىگە قىزىل كىمخاب ئوراپ چىقىش زۆرۈر ئىدى، بۇ ئىش ئۈچۈن پارىژدىن تۆت نەپەر بېزەكچى ياللاپ كې-لىنگەنىدى، بىراق ئۇ تۆت ئادەم ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى قىلىپ بولالمايدىغاندەك قىلاتتى.

ژيۇلېن ئېگىز شوتىغا ئۆزى چىقمىسا بولمايدىغان-لىقىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ چاققانلىقى ئەنە شۇ يەردە ئەسقاتتى. پوپ شابېرنار بۇنىڭدىن قالتىس خۇشال بول-دى. ھەممە تۈۋرۈكلەر كىمخاب بىلەن بېزىلىپ بولغان-دىن كېيىن، ئاساسلىق نەزىر سۇپىسى ئۈستىدىكى چوڭ سايىۋەنگە پەيلەردىن ياسالغان بەش باغلام يوغان، يۇمشاق گۈللۈك پۆپۈكنى ئورنىتىش ئىشىلا قالدى. ئەمما سا-يىۋەن ئۈستىگە چىقىش، يەنى سايىۋەننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىش ئۈچۈن 15 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى ياغاچ لەمپىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، شۇڭا بىرەرسىمۇ چىقىشقا پېتىنالمىدى. ژيۇلېن گۈللۈك پۆپۈكلەرنى قولىغا ئېلىپ، شوتىدىن ئىتتىك يۇقىرىغا يامىشىپ

چىقىپ كەتتى. يىگمت ئۇلارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سايىۋەننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىپ پەسكە چۈشكەندە، پوپ شابىرنار ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— ئىنتايىن ياخشى بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى پوپ، — مەن بۇنى باش ئېپىسكوپ جانابلىرىغا سۆزلەپ بېرىمەن.

سائەت ئوندا ئۇلار چۈشلۈك تاماق يېدى. پوپ شابىرنار ئىلگىرى ھېچقاچان ئۆز چىركاۋىنى شۇ قەدەر بېزەلگەن ھالدا كۆرمىگەنىدى. مىسسانىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنغاندىن كېيىن، ژيۇلىين تەنتەنىلىك مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن لىباس كىيمەكچى بولدى.

— ئوغرىلاردىن ساقلىنىش كېرەك، دوستۇم، — دېدى پوپ شابىرنار ژيۇلىيننىڭ كەتمەكچى بولغىنىنى كۆرۈپ، — ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قوشۇنى ھازىرلا يولغا چىقىپ كەتسە، بىز بۇ يەردە قېلىپ كۆز - قۇلاق بولمىساق بولمايدۇ. مەن سىزگە سول تەرەپتىكى زالنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى تاپشۇرىمەن. ئۇ يەردىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەڭ! كۆپ ئېھتىيات قىلىڭ! ئوغرىلار بىزنىڭ كېتىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قوشۇنى بېزانسۇن شەھەر رايوننى ئاستا - ئاستا كېسىپ ئۆتكەندە، چىركاۋ سۈپسۈكۈت جىمجىت ئىدى. ئىچى خىرە يورۇق ۋە سالقىن ئىدى. بۇ جىمجىت ھەم خىلۋەت جايدا يالغۇز تۇرغان

ژيۇلېننى شىرىن مۇگدەك باستى. چىركاۋدا پەقەت بىرنەچچە تەقۋادار ئاياللا بار ئىدى، ئۇ ئۇلار ئىچىدىكى ئىككى ئايالنىڭ ئىنتايىن ئېسىل كىيىنگەنلىكىنى بايقىدى. ژيۇلېننىڭ قەدەم تىۋشىنى ئاڭلىغان بىر ئايال ئاستا قايرىلىپ قارىدىيۇ، بىردىنلا ۋارقىراپ ھوشىدىن كەتتى. يېنىدىكى دوستى ئۇنى يۆلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژيۇلېن بۇ ئېسىلزادە خېنىمنىڭ مۇرىسى ۋە بوينىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە ياخشى تونۇش بولغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر تىزىق مەرۋايىتقا چۈشتى.... رېنال خانىمنى تونۇغاندىن كېيىنلا، ژيۇ-لېننىڭ چىرايى ئۆزگەردى. يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ دوستىنى يۆلەپ تۇرغان ئايال بولسا دېرۋىل خېنىم ئى-دى، ئۇمۇ ژيۇلېننى تونۇپ قالدى.

— كېتىڭ، ئەپەندى، دەرھال كېتىڭ! — دېدى دېر-ۋىل خېنىم ژيۇلېنغا غەزەپ بىلەن، — ئۇ سىزنى ئىك-كىنچى كۆرمىسۇن، سىزنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدۇ. ئىلگىرى سىز بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلىرى خۇشال ئۆتكەن ئىكەن! بۇ يەردىن كېتىڭ!

دېرۋىل خېنىمنىڭ گېپى شۇنچە قاتتىق ئىدىكى، ئېسەنكىرەپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ژيۇلېن دەرھال نېرى كەتتى.

دەل شۇ پەيتتە باشقا بىرنەچچە پوپ چېركاۋغا كى-رىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئايەت ئوقۇغان ئاۋازى چېركاۋدا

ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. پوپ شابىرنار ژيۇلىيەننى بىر-نەچچە قېتىم چاقىردى؛ يىگىت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلى-مىدى؛ مادارىدىن كېتىپ چالا ئۆلۈكتەك بولۇپ قالغان ژيۇلىيەن بىر تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىدى، پوپ ئۇنى بىلىكىدىن تارتىپ ئېلىپ چىقتى. ئۇ ژيۇلىيەننى ئېپىسكوپقا تونۇشتۇرماقچى ئىدى.

— تاۋىڭىز قېچىپتۇ، بالام، — دېدى ئۇ ژيۇلىيەننىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، — بۈگۈن بەك جاپالىق ئىشلىدىڭىز، خاتىرجەم بولۇڭ، ئېپىسكوپ ھەزرىتى يېتىپ كەلگۈچە ئارىلىقتا يەنە 20 مىنۇت ۋاقتىڭىز بار. ئاڭغىچە ئوبدانراق دەم ئېلىۋېلىڭ.

بىراق ئېپىسكوپ كۆرۈنگەندىمۇ، ژيۇلىيەن قاتتىق تىترەپ تۇرغانلىقتىن، پوپ شابىرنار ئۇنى ئېپىسكوپقا تونۇشتۇرۇش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە قاتتىق قول پوپ پىرار چىر-كاۋدا تاسادىپىي سادىر بولغان ۋەقەدىن بىرى ئۆزىگە كېلەلمەي يۈرگەن ژيۇلىيەننى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى.

پوپ شابىرنارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ خې-تىدە سىزنى ناھايىتى ماختاپتۇ. سىزگە دېسەم، سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىز ۋە مىجەز - خۇلقىڭىزدىن خۇرسەنمەن. شۇغىنىسى، سىز تولىمۇ ئېھتىياتسىزلىق، قاراملىق بىلەن ئويلىماي ئىش قىلىدىكەنسىز. لېكىن ھازىرغا

قەدەر سىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب ئىكەنلىكىڭىزنى، ئەقىل ـ ئىدرىكىڭىزنىڭ ئىنتايىن ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. مېنىڭچە، سىزدىكى ئىستېداد ئۇچقۇنلىرىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە 15 يىل ئىشلىدىم، ئەمدى بۇ مەكتەپتىن كەتمەكچى. بۇ يەردىن كېتىشتىن ئاۋۋال سىزگە بىرەر ياخشىلىق قىلسام دەيمەن. مەن سىزنى تەۋرات ۋە ئىنجىل دەرسلىرىنى تەكرارلىتىدىغان يېتەكچى ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلەيمەن.

ژيۇلېن بۇنى ئاڭلاپ چەكسىز ھاياجانلانغىنىدىن ئىختىيارسىز بېرىپ پىرارنىڭ قولىنى سۆيدى.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى مۇدىر ئاچچىقى بىلەن. ئەمما ژيۇلېننىڭ كۆزلىرىدىكى ئىپادە ھازىر قىلغان ئىشىدىن كۆپرەك نەرسە ھەققىدە ھېكايە قىلماقتا ئىدى. ئۇزاقتىن بېرى نازۇك روھىي كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن پوپ پىرار ئۇنىڭغا قاتتىق ئەجەبلىنىپ قارىدى. ژيۇلېننىڭ سەممىيىتى مۇدىرنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىۋەتتى، ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ھە، ھە، بالام، مېنىڭ سىزگە مېھرىم چۈشۈپ قالدى. ھاياتىڭىزدىكى ئىشلار مۇشكۈل بولىدۇ. مەن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا دەھرىيلىكتىن چەتنىگەن بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى سەزدىم. ھەسەت ۋە بوھتان سىزنى

ئۆمۈرۋايەت تەقسىپ ئېتىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىزگە ئۆزلىرىنى دوست قىلىپ كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، تېخىمۇ مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن سىزدىن يۈز ئۆرۈشنى نىيەت قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار: سىز ئۆز ھەرىكىتىڭىزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. بۇ بىردىنبىر چارە.

دوستانىلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمىغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ژيۇلېننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. پوپ پىرار ئۇنى مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. بۇ بەختتىن ھەر ئىككىلىسى ھۇزۇر ئالدى.

ژيۇلېن خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. بۇ قەھرىمانىمىز ئېرىشكەن تۇنجى غەلىبە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئىمتىيازلار ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئەمدى ژيۇلېن ئۆزى يالغۇز باشقىلاردىن تەخمىنەن بىر سائەت كېيىن تاماق يېيەلەيتتى. ئۇنىڭغا باغنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىدىن بىرى بېرىلدى، ئۇ يەردە ھېچكىم يوق چاغلاردا، ئۇ ئۆزى يالغۇز سەيلە ــ تاماشا قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ژيۇلېن يېڭى مەرتىۋىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئۇنىڭ بىلەن

ئۈچىنچى ئادەم بولمىغان ئەھۋالدا گەپلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. بۇ مۇدىرنىڭ ئېھتىياتچانلىقى بولۇپ، ژيۇلىن ئۈچۈن بىر خىل سىناق ئىدى. قاتتىق قول پوپ پىرار ئەگەر بىرەر ئادەم سېنىڭ نەزەرىڭدە ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ مەقسەتلىرى يولىغا ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلىرىغا خىلمۇخىل توسۇقلارنى قويۇشۇڭ كېرەك، دېگەن قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. ئۇنىڭچە، ئەگەر ئاشۇ ئادەم ھەقىقىي ئىقتىدارلىق بولسا، ئۇ بارچە توسۇقلارنى يېڭىپ ئۆتەلەيتتى.

ئوۋ ئوۋلاش مەۋسۇمى باشلانغانىدى. ...كې ژيۇلېن-نىڭ ئائىلىسى نامىدىن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا بىر كېيىك بىلەن بىر ياۋا توڭگۇز ئەۋەتتى. بۇ سوۋغا ژيۇ-لېننىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئادەم قىلىپ قويدى، ئۇنىڭغا بولغان ھەسەت ۋە نەپرەتنى يوقاتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئىلاھىيەت ئىنستى-تۇتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەشەب-بۇسكارلىق بىلەن يېقىنلاشتى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ باش-تىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۆلەتمەن ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلماي، ئۆزلىرىنى بىر دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ بالىسىغا نىسبەتەن بىلىپ ـ بىلمەي ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ژيۇلېندىن نارازىمۇ بولۇپ يۈردى.

## كۈتۈلمىگەن ئىش

ئىمتىھان ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ژيۈلېن ئىمتىھ
نى ناھايىتى ياخشى بەردى. مەشھۇر مۇۋەققەت ئېپ
كوپ فرىلېر تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىمتىھان ئال
چىلار پىرارنىڭ شاگىرتى بولغان ژيۈلېننىڭ ئىسمى
رويخەتنىڭ بىرىنچى قۇرىغا يېزىۋېرىشكە مەجبۇر
لۇشقانلىقىدىن كەيپى بۇزۇلدى. شۇ چاغدا ئىلاھىي
ئىنستىتۇتىدا بەزىلەر، ئەگەر بۇ قېتىمقى ئىمتىھان
ئومۇمىي نەتىجىسىدە ژيۈلېن يەنە بىرىنچى بولس
ئېپىسكوپنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتكە داخىل بولۇش شە
پىدىن ۋاز كېچمىز، دەپ باغلىشىپ يۈرۈشتى.
لېكىن، بىر مەيدان ئىمتىھان ئاخىرلىشاي دېگەن
بىر مەككار ئەبلەخ ئۇنىڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا گوراتىس
ۋىرگىلىي ۋە باشقا بىدئەتچى يازغۇچىلار توغرىس
سوئال سوراپ قالدى. ژيۈلېن ئۆز مۇۋەپپەقىيىتى
گاڭگىراپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلى
نى ئۇنتۇدى ـ دە، گوراتسىينىڭ قەسىدىلىرىدىن ب
قانچىنى ياد ئوقۇپ، ئۇلارنى ئىزاھلاپ بېرىشكە باشلى
ئىمتىھان ئالغۇچى ئۇنى 20 مىنۇتقىچە مەيلىگە قو
ۋەتتى، ئاندىن چىرايى بىردىنلا غەزەپلىك تۈس ئېل
شۇنداق بىمەنە ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن

ـتنى بىكار سەرپ قىلغانلىقى ھەمدە مىڭــســـنى
ـپلاس ۋە پايدىسىز غايىلەر بىلەن بۇلغىغانلىقى ئۇچۇن
ـنىڭغا قاتتىق تەنبىھ بېرىشكە باشلىدى.

— مەن ئەخمەقمەن، ئەپەندى. سىز تامامەن ھەق-
قىسىز، — دېدى ژيۇلېن ئىنتايىن ئىنتائەتكارلىق بىلەن
ـىنىڭ قىلتاقىقا چۈشكەنلىكىنى چۈشىنىپ.

ئىمتىھان ئالغۇچىنىڭ بۇ ھىيلىسى ئىلاھىيەت
ـستىتۇتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ پەسكەشلىك دەپ
الدى. بىراق بۇ مەككار پوپ فرىلېرنىڭ ژيۇلېننىڭ
ـسمىنى 198 - ئورۇنغا يېزىپ قويۇشىنى توسۇپ قا-
ـمدى. ئۇ شۇ يول بىلەن ئۆز دۈشمىنى مۇدىر پە-
ـدىن ئۆچ ئېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ قالغانلىقى-
ـن خۇرسەن ئىدى.

ماركىز موللېرنىڭ يەر - مۈلۈككە چېتىلىدىغان
ا دېلوسى سەۋەبىدىن پوپ پىرار بىلەن خەت - ئالاقە
ـلىپ كەلگىنىگە بىرنەچچە يىل بولغانىدى. ئۇلارنىڭ
ـئىيەتتە تۇتقان ئورۇنلىرىدىكى چوڭ پەرققە قارىماي،
ارنىڭ ئالاقىسى ئاستا - ئاستا دوستانە تۈس ئالدى.
ـ پىرار بەزىلەرنىڭ زورلۇق قىلىپ ئامىمىنىڭ ئالدىدا
ـنى ھاقارەتلىگەنلىكىنى ماركىزغا خەۋەر قىلدى. ئا-
ـىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پوپ پىرار
ـكىزدىن بىر پارچە باغاقچە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا بىر
ـسم ئىش بارلىقى، ئۇنىڭ بىزانسۇن شەھەر

سىرتىدىكى بىر مېھمانخانىغا دەرھال يېتىپ كېلىشى لازىملىقى يېزىلغانىدى. مېھمانخانىدا ئۇنى موللېرنىڭ غوجىدارى قارشى ئالدى.

— ماركىز ئەپەندى ماڭا ئۆز پەيتۇننى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا بېرىشنى تاپشۇردى، — دېدى پوپقا غوجىدار، — ئۇ سىزنىڭ تۆت - بەش كۈن ئىچىدە پارىژغا قاراپ يولغا چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىز ماقۇل كۆرسىڭىزلا، ئۇ پارىژنىڭ شەھەر ئەتراپىدىن چىركاۋ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق كۆڭلىڭىزدىكىدەك رايوندىن بىرنى سىزگە بېرىدۇ.

48 سائەتكىچە پوپ پىرار بەكمۇ ئارىسالدى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، 15 يىل مابەينىدە ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا بېغىشلانغانىدى. ئاخىردا ئۇ ئېپىسكوپقا بىر پارچە خەت يازدى، خەتتە ئۆتكەن ئالتە يىلدىن بۇيان چىداپ كەلگەن ئېغىر دەرد - ئەلەملەر، شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىدىن ئايرىلغانلىقى بايان قىلىندى. مەكتۇپنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ژيۇلېننى ئويغىتىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

— ئېپىسكوپنىڭ سارىيىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىسىز. بۇ خەتنى ئېپىسكوپ ھەزرىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىسىز. سىزنى بۆرىلەر ئۇۋىسىغا ئەۋەتمۋاتقانلىقىمنى

يوشۇرمايمەن. سىز پەقەت كۆز ـ قۇلاق بولۇشىڭىز زۆرۈر. سىز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بۇ مەكتۇپ مېنىڭ ئىستېپا بېرىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىم ئىكەنلىكىنى سىزدىن يوشۇرمايمەن.

ژيۇلېن تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. ئۇ مۇدىر پىرارغا قاتتىق مېھىر قويغانىدى. ئۇ «بۇ دۇرۇس ئادەم كەتكەندىن كېيىن ئېھتىمال مېنىمۇ دەرھال قوغلىۋېتىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

بۇ كېچە ئېپىسكوپ قوبۇلخانىسىدا پوپ فرىلېر نۆۋەتچى بولغاچقا، ژيۇلېن مەكتۇپنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ژيۇلېن بۇ پوپنىڭ ئېپىسكوپ نامىغا يېزىلغان خەتنى تەكەللۇپسىزلا ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. مۇۋەققەت ئېپىسكوپنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق بىلەن تەئەججۈپ ئارىلاش بىر خىل ئىپادە ئەكس ئەتتى.

ژيۇلېن ئىستېپا ھەققىدىكى ئەرزنى ئوقۇۋاتقان پوپقا ئۇندىمەي تىكىلىپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا ئىشىك شاراقلاپ ئېچىلدى. خانىغا چىرايلىق كىيىنگەن مالاي كىرىپ كەلدى. ژيۇلېن ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراشقا ئاران ئۈلگۈردى ۋە كۆكسىگە كرېست بەلگىسى ئاسقان ۋىجىككىنە بوۋاينى كۆردى. ژيۇلېن دەرھال يۈكلىنىپ تەزىم قىلدى. ئېپىسكوپ ئۇنىڭغا قاراپ مۇلايىم كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. خۇش چىراي پوپ فرىدلېر ئېپىسكوپنىڭ ئارقىسىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ

كەتتى. قوبۇلخانىدا ژيۇلېن ئۆزى يالغۇز قالدى.

بېزانسۇندىكى ئېپىسكوپ ناھايىتى ئىقتىدارلىق بولۇپ، 75 ياشقا كىرىپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ ئون يىلدىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقى ھەققىدە قىلچە باش قاتۇرمايتتى.

— بايا قوبۇلخانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىلاھىيەت ئىنىستىتۇتىنىڭ قاش - كۆزلىرى جايىدا كەلگەن بىر ئوقۇغۇچىسىنى كۆرگەندەك قىلدىم، ئۇ كىم بولىدۇ؟

— ئالدىڭىزدا قەسەم قىلىپ بېرىمەن، ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرى، ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق. ئۇ بىزگە ناھايىتى مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدى، رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق پوپ پىرار ئىستېپاغا چىقىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنۇپتۇ.

— شۇنداقمۇ! — دېدى ئېپىسكوپ كۇلۇمسىرەپ، — مېنىڭچە، سىزنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا تاللىغان ئادىمىڭىز پوپقا ھەرگىز يەتمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق ئادەملەرنىڭ قەدىرىگە يېتىشىڭىز ئۈچۈن، مەن ئۇنى ئەته چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىمەن.

پوپ يېڭى نامزات ھەققىدە گەپ ئاچماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئېپىسكوپ ئۇنىڭغا دېدى:

— يېڭى بىر ئادەم كېلىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەتمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىشىمىز

كىرەك. ئاۋۇ ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ كېلىڭ، بالىلار كۆپىنچە راست گەپ قىلىدۇ.

ژيۇلىيىننى چاقىرىشتى.

— هازىر ئىككى سوراقچىغا دۇچ كېلىمەن، — دەپ ئويلىدى يىگىت كۆڭلىدە.

ئۇ خانىغا كىرىپ كەلگىنىدە، ئىككى خىزمەتكار ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرىنى يېشىندۇرۇۋاتاتتى. ئېپىسكوپ پىرار ئەپەندى ھەققىدە گەپ ئېچىشتىن ئاۋۋال ژيۇلىيېن- نىڭ ئوقۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا سوراش- نى لازىم تاپتى، نەتىجىدە يىگىتنىڭ بەرگەن جاۋابلىرد- نى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئېپىسكوپ يەنە ۋېرگىلىي، گوراتسىيلار ھەققىدە سوئال سورىدى.

— مۇشۇ بىرقانچىسىنىڭ ئىسمى ماڭا زىيان يەت- كۈزگەندى، شۇلارنى دەپ 198 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالغا- نىدىم، ئەمدى قورقىدىغان يېرىم يوق، ئۆزۈمنى كۆر- سىتىشكە بىر ئورۇنۇپ كۆرەي، — دېگەنلەرنى خىيال- دىن ئۆتكۈزدى ژيۇلىيېن. ئېپىسكوپ ئۆزى ئاجايىپ ئىند- سانپەرۋەر ئادەم ئىدى، ئۇ بىرقانچە قەسىدىنى ياد ئوقۇ- ۋېتىپ، بەزى جايلىرىنى يادىغا ئالالماي تۇتۇلۇپ قالدى، ژيۇلىيېن كەمتەرلىك بىلەن دەرھال قەسىدىنى تولۇقى بىلەن ياد ئوقۇپ بەردى، يەنە كېلىپ سۆھبەت تېمىسىدىن چەتنەپ كەتمەي، لاتىن تىلىدىكى 20 ـ 30 كۇپلېت قەدىمىي شېئىرنى خۇددى ئىلاھىيەت

ئىنستىتۇتتىكى كۈندىلىك ئىشلار ھەققىدە ھېكايە قىلىۋاتقاندەك ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ ئوقۇپ بەردى. ئېپىسكوپ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

— سىز ئىنتايىن ياخشى ئۆگىنىپسىز.

— ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرى، ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى سىزگە تېخىمۇ ماختىشىڭىزغا مۇناسىپ 197 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەقدىم قىلىشى مۇمكىن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان بۇ گەپنى رەسمىي گۇۋاھنامە بىلەن تەستىقلىشىم مۇمكىن، مەن يىل ئاخىرىدىكى ئىمتىھاندا 198 ـ بولدۇم.

— ھە! دېمەك، بۇ پوپ پىرارنىڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى ئىكەن ـ دە! — دېدى ئېپىسكوپ كۈلۈپ تۇرۇپ فىرىلېرغا قاراپ، — بىز بۇ نۇقتىنى ئەسلىدە پەرەز قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، دوستۇم.

— بەلكىم بىرسى سىزنى ئويغىتىپ، بۇ ياققا ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە ژيۈلېنغا بۇرۇلۇپ قاراپ.

— شۇنداق، ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرى، مەن كاتولىك بايرىمى كۈنى پوپ شابېرنارنىڭ چېركاۋنى بېزەش ئىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىر قېتىم ئىنستىتۇتتىن يالغۇز ئايرىلغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلاھىيەت

ئىنستىتۇتىدىن يالغۇز چىقىپ باققان ئەمەسمەن.

— نېمە، گۈللۈك پۆپۈكلەرنى سايمۇەن ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىپ جاسارەت كۆرسەتكەن ئادەم سىز ئىكەنسىز - دە؟ دوستۇم، مۇشۇنداق مېڭىۋەرسىڭىز ئىستىقبالىڭىز پارلاق بولىدۇ، مەن سىزنىڭ شۈبھىسىز ئاجايىپ مەر- تىۋىگە ئېرىشىشىڭىزگە توسالغۇ بولماقچى ۋە سىزنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچى ئەمەسمەن!

شۇنداق دەپ ئېپىسكوپ تاتلىق پىرەنىك بىلەن مەي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ژيۇلېن تائاملارنى ھۇزۇر بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ئېپىسكوپ بارغانسېرى قىزىقىپ قالدى، ئاخىردا چېركاۋ تارىخى، رىم ئىمپېرىيىسى توغرىسىدا گەپ ئې- چىپ، ژيۇلېننىڭ بۇ جەھەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيدى- غانلىقىنى، ھەتتا داتىستىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلىمىغان- لىقىنى بايقىدى.

ژيۇلېن راست گەپنى قىلىپ، ئىلاھىيەت كۇتۇپخا- نىسىدا بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئېپىسكوپمۇ ئۇنىڭ سەمىمىي پوزىتسىيىسىدىن ھەيران قالدى.

— بۇنى ئاڭلىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇرسەن- مەن، — دېدى خۇشاللىق بىلەن ئېپىسكوپ، — سىز مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىلدىڭىز. ئون مىنۇتتىن بېرى سىز بولغاچقا، بۇگۈنكى كېچىنىڭ كۆڭۈللۈك

ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار دەپ بېشىم قېتىۋاتاتتى. مېنىڭ ئىنستىتۇتىمدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە سىزگە ئوخشاش بىر تالانت ئىگىسىنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. سىزگە «داتىسىت» نى سوۋغا قىلماقچىمەن.

ئېپىسكوپ ئاجايىپ نەپىس مۇقاۋىلانغان سەككىز توملۇق بىر يۈرۈش كىتابنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ــ دە، ئۇنىڭ بىرىنچى تومىنىڭ بىرىنچى بېتىگە ژيۇلېن سورېلغا مۇكاپات تەرىقىسىدە ھەدىيە قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھەدىيەنامە يېزىپ بەردى.

داتىستىنىڭ توملىرىنى كۆتۈرگەن ژيۇلېن ئېپىسكوپنىڭ سارىيىدىن تەئەججۈپ ئىچىدە چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، ۋاقىت يېرىم كېچە بولغانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ساۋاقداشلىرىمۇ ژيۇلېننى ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ژيۇلېننى بۇنداق ماختىشىغا ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىممەتلىك بىرنەرسىنى سوۋغا قىلغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى سائەت سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ھەممە گەپ كۆپچىلىككە ئۇجۇر ــ بۇجۇرىغىچە مەلۇم بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچكىم ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئەكسىچە ئوچۇقتىن ــ ئوچۇق خۇشامەت قىلغىلى تۇردى.

بۇ قوپال يىگىتلەرنىڭ يۈزسىزلىكى ژيۆلېننى ئازابلىدى. ئۇلارنىڭ شەرمەندىلىك بىلەن قىلغان خۇشامەتلىرى ژيۆلېننىڭ شۇنچە نەپرەتىنى قوزغىدى ۋە كۆڭلىگە قەتئىي ياقمىدى.

چۇشكە يېقىن پوپ پىرار شاگىرتلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئېپىسكوپ فرىلېرنىڭ چىشىغا تېگىش مەقسىتىدە پوپ پىرارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار غىزالىنىۋاتقاندا، پوپ پىرارنىڭ مەشھۇر N رايونىدىكى چېركاۋنىڭ پوپى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە پارىژدىن خەۋەر كېلىپ قالدى. چېركاۋ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق ئۇ رايون پايتەختتىن تۆت چاقىرىم كېلەتتى.

## پارىژغا كېلىش

ماركىز موللېر پوپ پىرارنى كۈتۈۋالغاندا، ئاقسۆڭەكلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە قىلچە ئەھمىيەت بەرمىدى. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئىدى. ماركىزنىڭ ئىشلىرى خېلىلا روناق تاپقان بولۇپ، شۇ ۋەجىدىنمۇ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايتتى.

— قەدىرلىك پوپ، — دېدى ماركىز، — مەن كۆپ

بايلىق ۋە شان ـ شەۋكەتكە ئىگە بولسامموۇ، لېكىن ئا-
ئىلەم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ۋاقىت چىقى-
رالمايۋاتىمەن. مەن سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن، ماڭا كا-
تىپ بولۇشنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن 8000 فرانك مائاش
ئېلىشنى خالامسىز؟

پوپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. بىراق سۆھبەتنىڭ
ئاخىرىدا بىر تەكلىپ بەردى:

— مېنىڭ ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىمدا بىر بىچارە
يىگىت قالدى. ئەگەر خاتالاشمىسام، ئەمدى ئۇنى قاتتىق
تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ. ھازىرغىچە ئۇ يىگىت لاتىن
تىلى بىلەن مۇقەددەس دىنىي كىتابلارنى ئۆگەندى. لې-
كىن كۆڭلىدىكى بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى
نامايان قىلىشى مۇمكىن. ئۇنى كاتىپ قىلىپ سىناپ
كۆرسىڭىز بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك ۋە ئەقىللىق
يىگىت.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ماركىز ۋە ھەمىيانىد-
دىن 1000 فرانك پۇل ئالدى، — مانا بۇنى ئۇنىڭغا ئەۋە-
تىڭ، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن.

— قارىغاندا، — دېدى پوپ، — ئىساپەرسلەرگە ئە-
گەشمىگەن بىزدەك دىنىي خادىملارنىڭ قانداق زۇلۇم
ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن قىلچە خەۋىرىڭىز يوق
ئوخشايدۇ. ئۇلار ژيۇلېن سورېلنى قويۇۋەتمەيدۇ، مەك-
كارلىق بىلەن تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى

توسۇپ قالىدۇ.

— مىنىستىردىن ئېپىسكوپقا خەت يازدۇرۇۋالاي، — دېدى ماركىز.

— سىزنى ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى پوپ، — يىگىت تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ناھايىتى غۇرۇرى بار. ئەگەر ئۇنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تېگىپ قويسىڭىز، ئۇ ھەرگىزمۇ سىز ئۇچۇن ئىشلىمەيدۇ.

— مەن شۇنداق ئادەمنى ياقتۇرىمەن، ئۇنى ئوغلۇم روبېلغا دوست قىلىپ قويىمەن.

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ژيۇلېن ئۆزىنى پارىژغا تەكلىپ قىلىپ يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتە-ئۆتمەي، ژيۇلېن ئېپىسكوپ سارىيىغا چاقىرتىلدى. ئاجايىپ گۈزەل ئىستىقبال پارىژدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئېپىسكوپ بۇ ئىش تۈپەيلى قۇۋۇلۇق بىلەن ژيۇلېننى تەبرىكلىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا دەرھال يول خېتى يەتكۈزۈپ بەردى....

پەيتۇن روسسو كوچىسىدىكى پوچتا بېكىتىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ توختىدى.

— قاراڭ، مانا ئەمدى ھەر خىل پىتنىلەر ۋە مۇناپىقلار مەركىزىگە يېتىپ كەلدىم! — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ژيۇلېن، — بۇ يەرگە پوپ فرىلېرنىڭ

ھامىيلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

كەچتە، ژيۇلېن پوپ پىرارنىڭ ئالدىغا باردى. پوپ ئۇنىڭغا ماركىز موللېرنىڭ ئۆيىدە قانداق ھايات ئۇنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئەگەر بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭغا پايدى-ڭىز تەگمىسە، ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كې-تىۋېرىسىز، ئەلۋەتتە بوينىڭىزنى تىك تۇتۇپ قايتىسىز. ھازىر ماركىزنىڭ ئۆيىدە تۇرىسىز، ئۇ فرانسىيىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتمەن تۆرىلەرنىڭ بىرى. سىز قارا كاستۇم كىيىپ يۇرىسىز، لېكىن ئۇ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ كىيىمىگە ئەمەس، ماتەمدارلارنىڭ كىيىمىگىلا ئوخشاي-دۇ. مەن سىزنىڭ ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم مەن تونۇش-تۇرغان ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئۆگىنىشى-ڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. ھەر كۈنى كەچتە سىز مار-كىزنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۇنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا ئالاقىدار خەتلىرىنى يازىسىز. كەچقۇرۇن سائەت سەككىزدە سىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى رەتلەپ يى-غىشتۇرىسىز، سائەت ئوندا ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىسىز، — پوپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئېھتىمال شۇنداقمۇ بولىدۇكى، بەزىلەر سىزگە تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ، ماركىزنىڭ نامىغا كەلگەن خەتلەرنى بىر كۆ-رۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ يانچۇقىڭىزغا تىللا سېلىپ قويۇشى مۇمكىن....

— نېمە، ئەپەندى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ژيۇلېن ۋە يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— سىزدەك نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە، — دېدى پوپ ئاچچىق كۈلۈپ، — ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىدا بىر يىل تەربىيە كۆرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئالىيجاناب غەزەپنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن. دەسلىپىدىلا ماركىز سىزگە 100 لويدار مائاش بەلگىلىدى، بۇ ئادەم بەكمۇ ئۆز بېشىمچى، ئۇنىڭ ئەيىبى شۇ. ئەگەر ئۇ ئىشىڭىزدىن خۇرسەن بولسا، مائاشىڭىز كېيىن ئۆستۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ پۇلنى سىزگە چىرايلىق كۆزلىرىڭىز ئۈچۈن تۆلىمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭغا يارىغۇدەك ئادەم بولۇشنى بىلىڭ. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسام مەن كەمرەك گەپ قىلاتتىم، ئۆزۈم بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ھەرگىز ئېغىز ئاچمايتتىم.

— موللېر ئەپەندىنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پوپ، — ئوغلى 19 لاردا، كېلىشكەن، ئالىپتە يىگىت، لېكىن ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس، چۈش سائەت 12 دىن كېيىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي يۈرىدۇ. ماركىز سىزنىڭ ياش گراف روبېل بىلەن دوستلىشىپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلماقتا. يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، دەسلەپ بارغىنىڭىزدا ئۇ چوقۇم سىزنى مەنسىتمەيدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى سىز ئاددىي

ئاۋامنىڭ پەرزەنتىسىز، ئۇنىڭ ئەجدادى بولسا ئوردا ئە-
مەلدارى بولغان.

— بەلكىم شۇنداقتۇ. بىراق ئۇنداق بولسا مەن
ئارىغا چۈشىمەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ماركىز خېنىم-
غىمۇ دۈچ كېلىسىز، — دېدى پوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ، — ئۇ تەقۋادار، ئېسىلزادە، ئەمما ئېغىزغا ئالغۇ-
چىلىكى يوق ئايال. ئۇ ھەر نۆۋەت بىرەر شاھزادە ياكى
مەلىكىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇ ئېھتىرام بىلەن
ئاۋازىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا فىلىپ II ياكى
ھېنرى VIII لەرنىڭ ياۋۇز مەخلۇقلاردىن ئىكەنلىكى
ھەققىدە ئېغىز ئاچماسلىقىڭىزغا مەسلىھەت بېرىمەن.
ئۇلار پادىشاھ بولۇشقان، بۇ نەرسە ئۇلارغا سىز بىلەن
بىزگە ئوخشاش ئاددىي ئادەملەر ئالدىدا مەڭگۇ ئىززەت-
ھۆرمەتتە بولۇش ھوقۇقىنى بەرگەن.

— ئەمما، — دېدى پىرار ئەپەندى يەنە تولۇق-
لاپ، — بىز بولساق پوپ، موللېر خانىم بىزنى ئۇنىڭ
ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مالاي قاتارىدا
كۆرىدۇ.

— ئەپەندى، — دېدى ژيۇلېن، — چامىمدا مەن پا-
رىژدىن تېز ئارىدا كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن.

— ناھايىتى ياخشى! لېكىن يادىڭىزدا بولسۇن، بىزگە
ئوخشاش بۇ مەرتىۋىدىكى ئادەملەر ئاشۇنداق ئېسىلزادە-
لەرنىڭ قولتۇقىغا كىرمەي تۇرۇپ بىرەر نەرسىگە

ئېرىشەلمەيمىز. سىزگە ئوخشاش مىجەزدىكى كىشىلەر-نىڭ ئامىتى كېلىپ، مەنسەپ - ئابرۇيى تېز ئۆسمىسە، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان گەپ. سىز ئۇچۇن ئۇچىنچى يول يوق. ئۆزىڭىزنى شور پېشانە قىلىپ قويماڭ!

— سىزنى ئىككى كۈن ئىختىيارىڭىزغا قويىمەن، — دېدى پوپ ئاخىردا، — ئۆگۈنلۈككە ماشىنىچى ئۇستام سىزگە ئىككى قۇر كاستۇم ئەۋەتىدۇ. سىز بې-رىپ ئۆزىڭىزگە ئاياغ، كۆڭلەك ۋە شلەپە بۇيرۇتۇڭ. ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرى مانا.

ژيۇلېن ئادرېستىكى ھەممە ئۇستىلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ چىقتى؛ ئۇلارنىڭ جىمىسى ئۇنى ھۆرمىتى بە-لەن كۈتۈۋالدى. خۇسۇسەن موزدۇز ئۇنىڭ ئىسمىم-شەرىپىنى بۇيرۇتمىلار دەپتىرىگە «ژيۇلېن دې. سورېل ئەپەندى» دەپ يېزىپ قويدى.

ئىككىنچى كۈنى چۈش سائەت 12 دە ژيۇلېن پوپ پىرارنىڭ ھوزۇرىغا باردى؛ پوپ ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ يا-راشقانلىقىنى، ناھايىتى روھلۇق تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ماركىز ژيۇلېننىڭ سالاپەتلىك يورۇش - تۇرۇ-شىنى كۆرۈپ، پوپقا قارىغاندا باشقىچە قاراشتا بولدى-دە، پوپقا دېدى:

— سورېل ئەپەندى تانسىدىن دەرس ئېلىپ تۇرسا، سىز قارشىلىق قىلماسسىز؟

پوپ تېڭىرقاپ قالدى - دە، بىردەمدىن كېيىن:

— ياق، ژيۇلېن كاتولىك دىنى خادىمى ئەمەس، — دېدى.

ماركىز ژيۇلېننى باشلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئۇنى ئازادە بىر خانىغا ئورۇنلاشتۇردى.

ماركىز ژيۇلېندىن ماگىزىندىن نەچچە كۆڭلەك ئالغانلىقىنى سورىدى.

— ئىككى، — دەپ ئەيمىنىپقىنا جاۋاب بەردى ژيۇلېن ۋە شۇنداق كاتتا دۆلەتمەن ئادەمنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا شۇ قەدەر ئېتىبار بېرىۋاتقانلىقىدىن خىجالەت بولدى.

— ئاپىرىن، — دېدى ماركىز جىددىي قىلىپ، — ئاپىرىن، بولسا يەنە 22 نى ئېلىپ كېلىڭ، مانا بۇ يىلنىڭ بىرىنچى پەسلى ئۈچۈن ئالىدىغان مائاشىڭىز.

خانىدىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ، ماركىز قېرى بىر خىزمەتكارنى يېنىغا چاقىردى.

— ئارسىن، — دېدى ئۇ ھېلىقى ئادەمگە، — سىز بۈگۈندىن كېيىن سورېل ئەپەندىنىڭ خىزمىتىدە بولىسىز.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ژيۇلېن كۆركەم، ھەشەمەتلىك كۇتۇپخانىدا يالغۇز ئۆزىلا قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن گۈزەل مىنۇتلار ئىدى. ئۇ كىتاب جاۋىنىدە يالتىراپ تۇرغان كىتابلارغا قارىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىشىم

مۇمكىن! — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ يەر ماڭا نېمىشقا ياقمىسۇن؟ قېنى ئىشنى باشلىۋېتەيچۇ!

ژيۇلېن كۆچۈرۈپ يېزىش ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە كىتابلار جاۋىنىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ ۋولتېر ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى.

ئۇ بەھۇزۇر ھالدا 80 تومنىڭ بارىنى ئارقا — ئارقىدىن ۋاراقلاپ چىقىشقا باشلىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ماركىز كىرىپ كەلدى — دە، ژيۇلېن كۆچۈرۈپ بولغان قوليازمىلارنى كۆزدىن كەچۈردى — دە، ئۇنىڭ «Cola» دېگەن سۆزنى «Colla» قىلىپ يېزىپ، بىر «l» نى ئارتۇق كۆچۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— بۇ يىگىتنىڭ ئوقۇمۇشلۇقى توغرىلىق پوپنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ماركىز ۋە ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كەلدى، ئەمما يەنىلا مۇلايىملىق بىلەن ژيۇلېنغا دېدى:

— ئىملانى ئوبدان ئىگىلىمىگەن ئوخشىمامسىز؟ «Cola» سۆزى بىر «l» بىلەن يېزىلىدۇ. ھەر قېتىم خەتنى كۆچۈرۈپ بولغاندا، قانداق يېزىلىشىنى ياخشى بىلمەيدىغان سۆزلەرنى ئىملا لۇغىتىگە سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.

سائەت ئالتىدە ماركىز ژيۇلېننى خانىسىغا چا-

قىرتتى. ماركىز يىگىتنىڭ پۈتىدىكى ئۆتۈكنى كۆرۈپ، ئىنتايىن بىئارام بولدى.

— بۇ مېنىڭ پەرۋاسىزلىقىم، سىزگە ھەر كۈنى سائەت بەش يېرىمدىن بۇرۇن كىيىنىپ بولۇشىڭىز كېرەكلىكىنى تاپىلىماپتىمەن.

ژيۈلىېن چۈشەنمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مەن سىزنىڭ پايپاق كىيىشىڭىز لازىملىقىنى نەزەردە تۇتتۇۋاتىمەن. ئارىسىن بۇنىڭدىن كېيىن بۇنى سىزگە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، بۈگۈن سىزنى كەچۈردۈم.

بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، موللېر ئەپەندى كۆر-كەم، ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانا ئىشىكىنى ئاچتى-دە، ژيۈلېننى ئالدىغا ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋىدى، كەينىدىن كېلىۋاتقان ژيۈلىېن رىماتىزىم كېسىلىدىن ئازابلىنىپ يۈرىدىغان ماركىزنىڭ پۇتىنى قاتتىق دەسسىۋالدى، ماركىزنىڭ پۇتى ئاغرىپ چىدىيالماي كەتتى.

— ئاپلا، ئۇ تازا بىر كالانپايمۇ-نېمە، — دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ماركىز. ئۇ ژيۈلېننى ئېگىز بوي-لۇق، سۆلەتلىك ۋە سالاپەتلىك بىر ئايالغا تونۇشتۇردى. بۇ ماركىز خانىم ئىدى. ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، ژيۈلېنغا بىر قاراپ قويدى.

مېھمانخانىدا يەنە بىرنەچچە ئەر كىشى بار ئىدى. ژيۈلىېن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش ئاگدا ئېپىسكوپنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. بىرنەچچە

ئاينىڭ ئالدىدا بىرىلىپئوندىكى ھېلىقى مۇراسىم پەيتىدە بۇ ياش ئېپىسكوپ ژيۇلېن بىلەن مۇلايىم گەپلەشكەنىدى. ئەمما شۇ پەيتتە يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي خادىم سەھرالىق يىگىت ژيۇلېنغا تونۇشلۇق بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

ژيۇلېنغا مېھمانخانىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئالىلىقانداق مەيۇس ۋە غەيرىي تەبىئىي تۇتۇۋاتقاندەك بىلىندى. پارىژدا ئادەملەر ئادەتتە پەس ئاۋازدا گەپلىشىدۇ ۋە ئەرزىمىگەن نەرسىلەردىن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرمايدۇ.

سائەت ئالتە يېرىم بولغاندا، مېھمانخانىغا بۇرۇتى خەت تارتقان، يۇزى ئاپئاق، بوي ـ بەستى بەكمۇ كېلىشكەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

يىگىت ماركىز خانىمنىڭ قولىنى سۆيۈۋاتقاندا:

— دائىم شۇنداق كېچىكىپ كېلىسىز، — دەپ قويدى بۇ خانىم.

ژيۇلېن بۇنىڭ گراف روبېل ئىكەنلىكىنى بىلدى. تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەنلىكتىن، گراف ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىملىق كۆرۈندى.

ژيۇلېن گراف روبېلغا سەپسېلىپ ئۇنىڭ شىپىرلىق ئۆتۈك كىيىۋالغانلىقىنى كۆردى.

— مېنىڭ ئادەتتىكى ئۆتۈكنىلا كىيىشىم كېرەك ئىكەندە، شۇ چاغدىلا كىشىلەر مېنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىمنى بىلىۋالالايدىكەن؟

ھەممەيلەن ئۇستەل ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ژيۇلېن ماركىز خانىمىنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ كىمگىدۇر تەنبىھ بەرگىنىنى ئاڭلاپ قارىۋىدى، سېرىق چاچلىق، فىگورىسى ئىنتايىن كېلىشكەن بىر قىزنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇ قىز ئۇستەل يېنىغا كېلىپ ژيۇلېنىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. قىز ئۇنىڭغا زادىلا ياقمىدى. ژيۇلېن ئۇ قىزنىڭ كۆزىدەك ئۇنداق چىرايلىق كۆزنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بىراق بۇ كۆزلەر قىزنىڭ بەكمۇ سوغۇق چىراي ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ بۇ كۆزلەردىن زېرىكىش ئىپادىسىنى كۆردى. بۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماتىلدا خانقىزنىڭ تەقى ـ تۇرقى ژيۇلېننى بارغانسېرى بىزار قىلىۋاتقان ئاپىسىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

— روبېل، مەرھەممەت قىلىپ ژيۇلېن سورېل ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قوي. ھازىر مەن ئۇنى خىزمەتكە ئالدىم. ئۇنى تەربىيىلەپ ئادەم قىلماقچىمەن، ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولسا، ئەلۋەتتە.

— بۇ يىگىت مېنىڭ كاتىپىم، — دېدى ماركىز يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ «Cola» دېگەن سۆزنى ئىككى «l» بىلەن يازىدۇ.

ھەممەيلەن ژيۇلېنغا قارىدى. ئۇ روبېلغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئومۇمەن ئۇنىڭ كۆزلىرى، يېقىملىق قاراشلىرى ھەممىگە ياقتى.

ماركىز مېھمانلارغا ژىيۇلېننىڭ قانداق تەربىيە ئال-غانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسا كېرەك، ئۇلاردىن بە-رى ئۇنىڭدىن گوراتسىي ھەققىدە سوئال سورىدى. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ژىيۇلېن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ژىيۇلېننىڭ رەقىبى ئاكادېمىك بولۇپ، لاتىنچىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ژىيۇلېننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن لاتىن تىلى تەتقىقات-چىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ژىيۇلېننى خىجىللىقتا سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىمەي، تۈرلۈك چىگىش سوئاللار بىلەن ئەتەي ژىيۇلېننى تەم-تىرەتمەكچى بولدى. بۇ تالىشىشتا قىزىپ كەتكەن ژىيۇلېن ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھەشەمەت-لىك مېھمانخانىسىدا ئولتۇرغىنىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، لاتىن شائىرلىرى ھەققىدە سۆھبەتدىشى ئاڭلاپمۇ باق-مىغان مۇلاھىزىلەرنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ھېلىقى ئاكادېمىك سەمىمىي ئادەم بولۇپ، ياش كاتىپقا ئاپىرىن ئوقۇدى. ماركىز خانىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ژىيۇلېنغا بىرقانچە قېتىم قاراپ قويدى.

— بۇ ياش دىنىي خادىمنىڭ قاملاشمىغان قىلىق-لىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ خېلى تالانتى بار ئوخشايدۇ، — دېدى ئاكادېمىك يېنىدا ئولتۇرغان ماركىز خانىمغا.

## دۆتلۈك قىلىش

ئەتىسى ئەتىگەندە ژىيۇلېن كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ

خەتلەرنى كۆچۈرۈۋاتاتتى، بىردىنلا تامدىكى كىتابلار بى-لەن نىقابلانغان يوشۇرۇن يان ئىشىك ئېچىلىپ ماتىلدا خان قىز پەيدا بولدى. قىز ژيۇلېننى بۇ يەردە ئۇچرى-تىپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ نارازى كۆرۈنەتتى. ئۇ ژيۇ-لېنغا قوپال، تەكەببۇر ۋە ھەتتا ئەر كىشىگە ئوخشاش كۆرۈندى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى ماتىلدا خانقىز دائىم دېگۇدەك كۇتۇپخانىغا يوشۇرۇنچە كىرىپ كىتاب ئېلىپ ئوقۇيتتى. ئۆيدىكىلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى. بۈگۈن ژيۇلېن كۇتۇپخانىدا بولغاچقا، قىزنىڭ بۇ يەرگە كەل-گىنى بىكار بولدى. ئەسلىدە ئۇ ۋولتېرنىڭ «بابىلون مەلىكىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى تومىغا كەل-گەنىدى.

سائەت ئۇچلەرگە يېقىن گراف روبېلمۇ كۇتۇپخانىدا پەيدا بولدى. ئۇ كەچقۇرۇن سىياسەتتىن گەپ ئېچىلسا قۇلايسىز ئەھۋالدا قالماسلىقى ئۈچۈن گېزىت ۋاراقلاش نىيىتىدە كىرگەن بولۇپ، ژيۇلېننى كۆرگىنىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇنى بىللە ئاتلىق سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

— يا خۇدا، گراف ئەپەندى، — دېدى ژيۇلېن، — ئە-گەر گەپ يوغان بىر دەرەخنى كېسىپ ئۇنىڭ قوۋزىقىنى سويۇش ۋە ھەرىلەپ تاختاي تىلىش ئۈستىدە بولغان بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر پەملىك ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم. بىراق ھازىرغىچە



كۆپ بولغاندا ئاران ئالتە قېتىملا ئات مىنگەن بولسام كېرەك.

— يارايسىز، بۇ ئەمدى يەتتىنچى قېتىملىقى بولىدۇ.

ۋېرىيېردا پادىشاھنى كۈتۈۋالغان كۈننى ئەسلەپ ژيۇلېن ئۆزىچە ئات مىنىشكە خېلى ئۇستىمەن، دەپ ئويلىدى. بىراق ئۇ بولۇن ئورمانلىقىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، قوش چاقلىق پەيتۇنغا يول بېرىمەن دەپ ئاتتىن يىقىلىپ ئۇستۈېشىنى بۇلغىۋالدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ماركىز ئۇلاردىن قانداق سەيلە قىلغانلىقىنى سورىۋىدى، روبېل بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرىپ تۈگەتتى.

— گراف ئەپەندى ماڭا چەكسىز ھىممەت كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى ژيۇلېن، — ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. ئۇ ماڭا ئەڭ ياۋاش ۋە ئەڭ چىرايلىق ئاتنى بېرىشنى بۇيرۇدى. لېكىن بەربىر مېنى ئاتقا تېڭىپ قويغىلى بولمايدۇ ـ دە.

ماتىلدا خانقىز ئۆزىنى تۇتالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. ژيۇلېن تەبىئىي يوسۇندا، ساددىلىق قىياپەت بىلەن ھەممە گەپنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى، شۇ سەۋەبتىنمۇ، ئۇنىڭ ھېكايىسى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بەكمۇ يېقىملىق چىقتى.

ئەتىسى ژيۇلىېن بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، گراف روبېلنىڭ ئالدىغا كىردى.

— ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىڭىزغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ئەگەر تۆنۈگۈنكى دىتسىزلىقىم تۈپەيلىدىن ئېتىڭىزغا زەخمەت يەتمىگەن بولسا، بۈگۈنمۇ ئۇنى مىنىپ سەيلە قىلسام دېۋىدىم.

— مەيلى، قەدىرلىك سورېل، يىقىلىپ مېيىپ بولسىڭىز ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ. ھازىر سائەت تۆت بولۇپ قالدى، سەيلە قىلغىلى چىقساق ۋاقتىنى چېك تۇتايلى.

— يىقىلماسلىقىم ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى ژيۇلىېن ئېتىغا مىنىۋېتىپ ياش گرافتىن.

— دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ، — دېدى روبېل قاقاقلاپ كۈلۈپ، — خوش، ئېگەردە گەۋدىڭىزنى كەينىگە تاشلاپ ئولتۇرۇشىڭىز كېرەك.

ژيۇلىېن ئاتنى دېۋىتتى. ئۇلار ليۇدۋىگ XVIII مەيدانىغا چىقىشتى.

— ئاپلا! — دېدى روبېل، — ھەي قارام يىگىت، بۇ يەردە پەيتۇنلار بەك كۆپكەن. يىقىلىپ چۈشسىڭىز ئۇلار سىزنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ.

روبېل ژيۇلىېننىڭ 20 قېتىمدەك ئاتتىن يىقىلىشقا تاس قالغانلىقىنى كۆردى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا سەيلە تىنچ ـ ئامان ئاخىرلاشتى. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ

كەلگەندە، ياش گراف سىڭلىسىغا قاراپ دېدى:

— مەرھەمەت قىلىپ، ھېچ نەرسىدىن قايتمايدىغان بىر باتۇر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ!

كەچلىك تاماقتا روبېل بۇ ۋەقەنى دادىسىغا سۆزلەپ بەردى، ژيۇلېننىڭ ئاجايىپ جاسارىتىنى ماختىدى.

بارچە ئىلتىپات ۋە خەيرخاھلىقلارغا قارىماي، ژيۇلېن تېزلا ئۆزىنى بۇ ئائىلىدە پۈتۈنلەي يالغۇز ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردىكى خىلمۇخىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. يىگىت ئۇلارغا ئارقىمۇئارقا خىلاپلىق قىلىپ تۇراتتى. خىزمەتكارلار بولسا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرۈپ، ئېغىزلىرى قۇلاقلىرىغا يېتەتتى.

ئەگەر موللېر ئەپەندىنىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسىدىكى ھەممە نەرسە ژيۇلېنغا غەلىتە كۆرۈندى دېسەك، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ئۇچىسىغا قارا كاستۇم كىيگەن بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ مېھمانخانىدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە غەلىتە كۆرۈنمەكتە ئىدى.

ئۆي ئىگىلىرى ئۆز تەبىئەتلىرى بويىچە بەكمۇ مەغرۇر ۋە تولىمۇ بىئارامدەك كۆرۈنىدىغان ئادەملەر بولۇپ، كۆڭۈل خوشى ئۈچۈن بولسىمۇ ئەتراپىدىكىلەرنى كەمسىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشقانىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دوستلىرى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ

چىرايىدىن بىكارچىلىقنىڭ ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلگەن مېھمانلار كۈتۈلمىگەندە بىرەر ئوي ـ پىكىرنى دەپ سېلىپ گۇمانغا قالماسلىق ئۈچۈن، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپلا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇراتتى. سۆھبەت ۋاقتىدا ئازراق بولسىمۇ ئەركىن پىكىر قىلىش قوپاللىق بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئەل- ۋەتتە ياراتقۇچى پەرۋەردىگار، پوپ، پادىشاھ ۋە بەلگىلەپ قويۇلغان بارلىق تەرتىپلەردىن كۇلۇشكە بولمايتتى، ۋولتېر، روسسو ۋە ئۆكتىچىلەر گېزىتىنى ماختاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ سىياسەت ھەققىدە گەپ قىلىشقا زادىلا يول قويۇلمايتتى، باشقا بارلىق نەرسىلەر ھەققىدە بىمالال گەپ قىلىۋېرىش مۇمكىن ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، دالاندا فورمىلىق كىيىم كىي- گەن ئون مالاي تەييار تۇراتتى ۋە پۈتۈن كېچە داۋامىدا ھەر چارەك سائەتتە چاي ياكى ماروژنى تارتاتتى، يېرىم كېچىدە بولسا شامپان ۋىنوسى بىلەن يېنىك كەچكى تاماق سۇناتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ماركىزنىڭ كۇتۇپخانىسىدا پوپ پىرار بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ژيۇلېن ئۇشتۇمتۇت پوپتىن سورىدى:

— ئەپەندى، ھەر كۈنى ماركىز خانىمنىڭ داستىخىنىدا تاماقلىنىش مېنىڭ ۋەزىپەممۇ ياكى بۇ ماڭا كۆرسىتىلىۋاتقان ئىززەت ـ ھۆرمەتمۇ؟

— ئاجايىپ ھۆرمەت بۇ! — دېدى پوپ جاۋابەن.
— ئەپەندى، بۇ مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ۋەزىپىلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ مۇشكۇلى بولۇپ قالدى. ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىدىمۇ بۇ قەدەر زېرىكمىگەنىدىم. بەزىدە ماتىلدا خان قىزنىڭمۇ ئەسنەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىمەن، قارىغاندا بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. مەن ئۇخلاپ قالمىغىدىم، دەپ قورقىمەن. مەرھەمەت قىلىپ، سىرتقا چىقىپ تاماقلىنىشىمغا رۇخسەت ئېلىپ بەرسىڭىز بولاتتى.
شىلدىرلىغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككىلىسى ئۆرۈلۈپ قارىدى. ژيۇلېن ئۆزلىرىنىڭ سۆھبىتىنى جىمجىت تىڭشاپ تۇرغان ماتىلدا خانقىزنى كۆرۈپ قالدى. بۇ يەرگە كىتاب ئالغىلى كەلگەن قىز ھەممە گەپنى ئاڭلىغانىدى. قىزنىڭ دىلىدا ژيۇلېنغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.
— ئۇ تىز پۈكۈپ ياشاش ئۈچۈن دۇنياغا كەلمىگەنىكەن، — دەپ ئويلىدى قىز.
كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ژيۇلېن ماتىلدا خانقىزنىڭ يۈزىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي ئولتۇردى. بىراق قىز ئۆزى ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىرمۇنچە مېھمانلار كەلمەكچى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ژيۇلېنغا مېھمانخانىدا قېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

ماركىز خانىمنىڭ يۈلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇ-قىنىڭ كەينىدە، ھەر كۈنى بىر توپ كىشىلەر ماتىلدا خانقىزنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گراف كايلىيۇس، بىكونت لىيۇز، ماركىز كرۇئازنۇئا ۋە روبېل بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ئىككى - ئۈچ نەپەر ياش ئوفىتسېر بار ئىدى. بۇ ئەپەندىلەر چوڭ ھاۋا رەڭ ساپادا ئولتۇرۇۋالاتتى، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ماتىلدا خان قىز ساپانىڭ بىر بېشىدا ئولتۇراتتى. ژيۇلېن بولسا پەس توقۇلما ئورۇندۇقتا ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. روبېل كېچىدە بىر - ئىككى قېتىم تاسادىپىي سۆز-لىشىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن، ژيۇلېننى شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى.

پوپ پىرار يىراقتىن ژيۇلېننى ئىملەپ چاقىردى، ژيۇلېن پوپقا ئەگىشىپ مېھمانخانىدىن چىقتى.

— سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ماركىز ئۇنداق ئىستېداتسىز، چاكىنا قەلەمكەشلەرنى ياقتۇرمايدۇ. سىز لاتىن، گرېك تىللىرى، ھەتتا مىسىر ۋە ئىران تارىخى-نى پىششىق بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك، شۇنداق بولغاندا، ئۇ سىزنى ئالىم سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلىپ سىزدىن مەرھەمىتىنى ئايىمايدۇ، ئەمما ھەرگىز فرانسۇز تىلىدا بىرەر ۋاراق نەرسە يېزىپ سالماڭ، بولۇپمۇ سىزنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىڭىزغا مۇناسىپ بولمىغان بەزى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىپ سالماڭ،

بولمىسا، ئۇ سىزنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ، سىز گېرت- سوگ كاستىرىنىڭ روسسو ھەققىدە «بۇنداق كىشىلەر ھەممە نەرسە ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىدۇ، ئەمما ئۆزلىرى يىلىغا 1000 ئېكومۇ كىرىم قىلالمايدۇ» دېگەن مەشھۇر گېپىنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

— دېمەك، بۇ يەردىمۇ، — دەپ ئويلىدى ژيۇلېن، — خۇددى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا ئوخشاش ھەممە نەرسە مەلۇم بولۇپ تۇرىدىكەن! ئۇ قېرى بىر ھەربىي دوخ- تۇرنى ماختاپ ئون ۋاراق بىرنەرسە يازغانىدى، شۇڭا ئۇ ئالدىراپ خانىسىغا چىقىپ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئاندىن مېھمانخانىغا قايتتى.

بىرنەچچە ئاي سىناقتا ئىشلىگەندىن كېيىن، غو- جىدار ژيۇلېنغا ئىككىنچى پەسىللىك مائاشنى بەردى. موللېر ئەپەندى ئۇنىڭغا برىتان ۋە نورماندىيىدىكى يەر- لىرىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ، ژيۇلېن بۇ ئىككى ئۆلكە ئارىلىقىدا قاتناپ تۇردى.

ژيۇلېن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى، كەم سۆز ۋە زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ماركىز ئۇنى ئۆزىگە بەكمۇ لايىق ئادەم ھېسابلاپ، بارا - بارا قول تۇتىدىغان قىيىن ئىشلارنىڭ ھەممىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشقا باشلىدى. ماركىزغا مالىيە ئىشلىرىنى باش- قۇرىدىغان ئىقتىدارلىق بىر خادىم كېرەك ئىدى.

موللېر ئەپەندى ژيۇلېننىڭ بۇ خىل ئۆزىگە خاس

غەلىتە خاراكتېرىگە قىزىقىپ قالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ غەمخورلۇق قىلىش ھېسسىياتى بىلەن، سىلىق يوسۇندا بۇ يىگىتنىڭ مەسىلىگە قاراشتىكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى.

— باشقا ياقا يۇرتلۇقلار پارىژغا كەلسە، ھەممە نەرسىگە مەپتۇن بولۇپ يۈرىدۇ، — دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى ماركىز، — ئۇ بولسا ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلىنىدۇ. باشقىلار سۇنئىيلىك - ياسالمىلىقتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ بولسا ياسالمىلىق قىلالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىنمۇ پەقەت دۆت - كالۋالار ئۇنى دۆت - كالۋا دەپ ئويلىشىدۇ.

ماركىز ئۆز كاتىپىنىڭ مىجەزىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىرەر يېڭى ئىش تاپشۇرۇشقا باشلىدى.

— سىز لوندونغا بېرىپ ئىككى ئاي تۇرۇپ كېلىڭ، — دېدى ئۇ ژيۇلېنغا ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن.

ژيۇلېن كاسو تەرەپكە كېتىۋاتقان پوچتا پەيتونغا ئولتۇرۇپ، بۇ خىزمەت سەپىرى ئۈچۈن باھانە بولغان تاپشۇرۇقلارنىڭ ھەقىقەتەن ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، تولىمۇ ئەجەبلەندى.

لوندوندا ئۇ ياش رۇس ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ قالدى. بىر كۈنى، بىر

كىنەز ئۇنى كەچلىك تاماقتا تەكلىپ قىلدى، ئۇ كىنەزنىڭ مېھمانخانىسىدا كاتتا شۆھرەت قازاندى، يەنى تەكلىپ قىلىنغان 20 كىشى ئىچىدە ژيۇلېن شۇنداق قورۇنماي ـ تارتىنماي ئازادە ئولتۇردىكى، لوندوندىكى ئەلچىخانىلارنىڭ ياش كاتىپلىرى هازىرغىچە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ يۈرۈشىدۇ.

ژيۇلېن پارىژغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماركىز كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدى:

— باغىشىمەنكى، سىز ئەنگلىيىگە نېمە مەقسەت بىلەن بارغىنىڭىزنى تېخىچە بىلەلمىدىڭىزغۇ دەيمەن.

— كەچۈرىسىز، — دېدى ژيۇلېن، — مەن ئۇ يەرگە پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەلچىسىنىڭكىدە ھەپتىسىگە بىر بولىدىغان زىياپەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن....

سىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىڭىزنىڭ مەقسىتى مۇنۇ كرېست ئوردېنىنى ئېلىش، — دېدى ئۇنىڭغا ماركىز، — يېڭى پەرمان بەرگىنىمگە قەدەر، ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز دوستۇم گېرتسوگ شارونىنىڭ كىچىك ئوغلى بولىسىز. خەۋىرىڭىز بولمىسىمۇ، سىز يېرىم يىلدىن بۇيان دىپلوماتىك خىزمەتتە بولۇپ كېلىۋاتىسىز.

بۇ ئوردېن تۇپەيلى ژيۇلېن پەۋقۇلئاددە بىر قېتىملىق زىيارەتنى قوبۇل قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. زىيارەت قىلغۇچى بارون ۋالېنو ئىدى. ئۇ

يېقىندا رېنال ئەپەندىنىڭ ئورنىغا ۋېرىيېر شەھىرىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەندى. بۇ قېتىم ئۇ بىرىن-چىدىن، ئىچكى كابىنېتقا رەھمەت ئېيتىش، ئىككىنچى-دىن، ژيۇلېن بىلەن يارىشىپ قېلىش مەقسىتىدە پا-رىژغا كەلگەندى.

ژيۇلېن رېنال خانىم ھەققىدە بىرەرنەرسە بىلىشكە ئۇرۇنۇپ بىكار ئاۋارە بولدى. ئۆتمۈشتىكى رىقابەتنى ئەستىن چىقىرالمىغانمىكىن، ئۇ كىشى خانىم توغرى-سىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ۋە ژيۇلېندىن ئۆزىنى ماركىز جانابلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

ژيۇلېن ماركىزغا ھەممە گەپنى ئېيتتى.

— سىز ئەتە بۇ يېڭى باروننى ماڭا تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، — دېدى ئۇنىڭغا موللىېر ئەپەندى ئىنتا-يىن جىددىي قىياپەتتە جاۋابەن، — ئۇنى ئۆگۈنلۈككە كەچلىك تاماققىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويۇڭ. ئۇ يېڭىدىن تەيىنلىنىدىغان ئۆلكە باشلىقى بولىدۇ.

— شۇنداق بولغان ئىكەن، — دېدى ژيۇلېن سوغۇق-قىنا، — ۋالېنونىڭ ئىلگىرىكى ۋەزىپىسىنى دادامغا بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

— بارىكاللا، — دېدى ماركىز خۇرسەن بولۇپ، — بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلىمەن! خېلى پىشىپ قاپسىز.

## ماتىلدا خانقىز

بىر كۈنى ژيۇلېن سىنا دەرياسى بويىدىكى ئاجايىپ



گۈزەل جاي ۋىللىكىغا قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدە پروۋانستىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ماركىز خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى كۆردى.

ژيۇلېن ئەمدى ئالپتە يىگىت بولۇپ قالغان ھەم پارىژدا ياشاش سەنئىتىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ ماتىلدا خانقىزغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ يۈردى. قىز ئۇنىڭ ئاتتىن قانداق يىقىلغانلىقىنى سوراپ مازاق قىلغان ئىشلارنى ئۇ خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلىغاندەك قىلاتتى.

ماتىلدا خانقىزغا ژيۇلېننىڭ بويى خېلى ئۆسۈپ، رەڭگى ئاقىرىپ سۇزۇلۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ قامىتىدە ۋە ئۆزىنى تۇتۇشىدا سەھرالىقلارغا خاس ئادەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىمۇ يالغۇزلۇق ئىشلەۋاتقان خادىملارغا خاس تەلەپپۇز سېزىلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، قىلغان ئىشىدىن نەتىجە چىقىرىدىغان ئادەملەر تائىپىسىدىن ئىكەنلىكى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭغا تەپەككۇر ئەمەس، يېنىكلىك كەملىك قىلىدۇ، — دېدى بىر كۈنى ماتىلدا خانقىز ژيۇلېننىڭ كرېست ئوردېنى توغرىسىدا چاقچاق قىلىپ.

قىزنىڭ ئىنتايىن زېرىكىش ئىپادىلىنىپ تۇرغان، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەكى، قانغۇچە خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇش ئارقىسىدا پەيدا بولغان ئۈمىدسىزلىك

چىقىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى ھازىر ژيۇلىنغا تىكىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭچە، بۇ يىگىت ھېچبولمىغاندا باشقا ھەرقانداق كىشىدىن پەرقلىق ئىدى.

— سورېل ئەپەندى، — دېدى خانقىز، — سىز بۈگۈن كەچتە رىس ئەپەندىنىڭكىدە بولىدىغان تانسىغا بارامسىز؟

— خانقىز، مەن بۇنداق شەرەپكە مۇيەسسەر بولمىغانمەن.

— ئۇ ئاكامغا سىزنى ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇرغان.

كەچقۇرۇن تانسىخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ژيۇلىن رىس سارىيىنىڭ ھەشەمەتىنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. مەپتۇن بولغان، قايىل قىلىغان ۋە كۈچلۈك ھاياجاندىن خىيالى چېچىلغان ژيۇلىن مېھمانلار ئاللىقاچان تانسا باشلىۋەتكەن بىرىنچى زالغا كىردى. ھەممە ئىككىنچى زال ئىشىكىگە قاراپ ئىنتىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەرگە ناھايىتى كۆپ ئادەم تىقىلىشىۋالغانلىقتىن، ژيۇلىن ئۇنىڭغا كىرەلمىدى.

— شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئۇ قىزنى ھەقىقەتەن بۇ قېتىمقى تانسىنىڭ خانىشى دېيىشكە بولىدۇ، — دېدى بۇرۇتلۇق بىر يىگىت.

— قارىغىنا، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز تۆت گۈزۈپپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ پىرقىراپ ئويىنىغاندىكى تەبەسسۇمىنىڭ گۈزەللىكىگە، — دېدى بۇرۇتلۇق يىگىتنىڭ

يىنىدا تۇرغان بىرسى.

— ماتىلدا خانقىز بولسا ئۆزى ناھايىتى ئوبدان بىلىپ تۇرغان بۇ غەلىبىسىدىن خۇرسەن بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدۇرمەيۋاتىدۇ، ئۇنى گويا ئۆز سۆھبەتدىشىغا يېقىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز.

ژيۇلېن بۇ ساھىبجامالنى كۆرىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولدى. بويى ئۇنىڭدىن ئېگىز بولغان يەتتە - سەككىز ئەر قىزنى توسۇپ تۇراتتى.

— بۇ ئالىيجاناب سىپايىلىقتىمۇ ئۆزىگە خاس نازۇ - كەرەشمە بار، — دېدى يەنە بۇرۇتلۇق يىگىت.

ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كۆپچىلىككە: ئەگەر سەن ماڭا جۇپ بولىدىغان يىگىت بولساڭ، مەن بارلىق نازۇ كەرەشمەمنى ئالدىڭدا نامايان قىلىمەن دېگەننى ئۇقتۇراتتى.

— ئەگەر ماتىلدا شۇنچىلىك گۈزەل بولسا، ئۇنىڭغا ئېرىنمەي ياخشىلاپ نەزەر سېلىشىم كېرەك، — دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

ماتىلدا خانقىزنى ئىزدەۋاتقان ژيۇلېن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئەپەندى، سىز پۈتۈن قىشنى پارىژدا ئۆتكۈزدىڭىز، — دېدى ماتىلدا ژيۇلېنغا، — بۇ پۈتۈن پەسىل داۋامىدىكى ئەڭ ياخشى تانسا بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ - ئەمەسمۇ؟

ئەتراپتىكى يىگىتلەرنىڭ ھەنىۋاسى ماتىلدا زورلاپ گەپكە سېلىۋاتقان ئامەتلىك ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولۇپ بۇرۇلۇپ قاراشتى.

— بۇنىڭغا تازا جايىدا باھا بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، خانقىز، — دېدى ژيۇلىېن جاۋابەن، — مەن ۋاقتىمنى يېزىق ئۇستىلى يېنىدا ئۆتكۈزىمەن. بۇنداق كاتتا تانسىدا تېخى بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتىمەن.

— سىز دانىشمەنسىز، سورېل ئەپەندى، — دېدى خانقىز ئۆزىنىڭ ژيۇلىېنغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ، — سىز بۇ تانسىلارغا ۋە ھەممە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا پەيلاسوپ نەزەرى بىلەن قارايسىز، بۇنداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى سىزنى ھەيران قال- دۇرىدۇ، ئەمما زادىلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلالمايدۇ.

بۇ چاغدا، ماركىز كروئازنۇئا ئالدىراپ - تېنەپ ماتىلدا خانقىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

— دۇنيادا مۇشۇ يىغىلىشتىنمۇ بىمەنىرەك نەرسە بارمىكىن - ھە! قاراڭ، بۇ ئاۋاز ماڭا ئۆيلەنمەكچى بول- غان كروئازنۇئانىڭ ئاۋازى، ئۇ مۇلايىم، ئەدەپلىك يىگىت. يۈرۈش - تۇرۇشىدىن قىلچە نۇقسان تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇنى بۇ دۇنيادىكى ئەدەپ - قائىدىنىڭ ئۈلگىسى دېسە بولىدۇ. ئۇ ئىنتايىن دىلكەش ئادەم.... ھالبۇكى، مەن ماركىز كروئازنۇئاغا خانىم بولغىنىمدىن كېيىن، ھەر- ھالدا ئازراق زېرىكىمەن دېيىشكە مەندە بىر ئاساس بار-

مۇ؟ — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ماتىلدا.

ماتىلدانىڭ خىيالىغا شۇ ئىشلار كېلىش بىلەن تەڭ ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى، ماركىز كروئازنۇئا ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ قىزغا گەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق قىز ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. قىزنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ژيۇلېننى ئىختىيارسىز كۆزىتىپ باراتتى.

— سورېل تولىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ماتىلدا. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەملەر توپى ئارىسىدىن ژيۇلېننى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ ژيۇلېننىڭ يەنە بىر زالدا گراف ئالتامىرا بىلەن گەپلىشىپ تۇرغىنىنى بايقىدى. ماتىلدا شۇ تاپتا ژيۇلېننىڭ ئۆزىگە بەكمۇ تەبىئىي تۇيۇلىدىغان ئېغىر، سوغۇق كۆرۈنۈشىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانلىقى، كۆزلىرىنىڭ قانداقتۇر غەمكىن پارلاۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدى.

ئالتامىرا لىبېرال بولۇپ، ئۇ سۇيىقەستچىلىك دېلوسىغا قاتنىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى، ئۇ ناپلېستىكى ئەڭ ئېسىلزادە بىر ئائىلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ژيۇلېن گراف ئالتامىرا بىلەن سۆھبەتلەشكىنىچە ماتىلدانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، گرافقا دېدى:

— شۇنداق، دانتون قالتىس ئەركەك ئىدى!

— يارەببىم، ئۇ دانتوننىڭ ئۆزى ئەمەسمىدۇ؟ — دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ماتىلدا، — لېكىن ئۇنىڭ يۈزى بەكمۇ ئالىيجاناب كۆرۈنىدۇ. دانتون بولسا شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بىر قاساپ ئىدى. ژيۇلېن تېخى ئانچە يىراقلىشىپ كەتمىگەنىدى. ماتىلدا ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئۇنى چاقىرىپ، سوئال قويدى:

— دانتون قاساپ ئىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ھە، بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇ شۇنداق ئىدى، — دېدى ژيۇلېن مەنسىتمەسلىك ئىپادىسىنى قىلچە يوشۇرماي، — بىراق، ئۇ بىر ئادۋوكات ئىدى! باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، — ژيۇلېن كەسكىنلىك بىلەن قوشۇمچە قىلدى، — ئۇ جەمئىيەتكە مۇشۇ يەردىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش قەدەم باسقان. بىراق، گۈزەللىك بابىدا دانتوننىڭ چوڭ بىر نۇقسانى بار بولۇپ، ئۇ بەكمۇ سەت ئىدى.

ژيۇلېن ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز گەپلىرىنى تېز، قانداقتۇر غەلىتە ۋە ئىلتىپاتسىز بىر ئاھاڭدا قىلدى-دە، گېپىنى تۈگىتىپلا نېرى كەتتى.

— بۈگۈن ئاخشام ھەقىقەتەنمۇ زېرىكتىم، — ماتىلدا كۆڭلىدە ئاخىر بۇ خۇلاسىگە كەلدى. ئۇ بىردىنلا ئەقىل تېپىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئالتامىرا بىلەن ژيۇلېننىڭ نېمە ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى داۋاملىق ئاڭلىماقچى بولدى. ئادەملەر بەكمۇ كۆپ

بولغانلىقتىن قىستاڭچىلىق ئىدى، ناھايەت قىز ئاخىر ئۇلارغا يېتىشىۋالدى.

ئالتامىرا يېنىچە تۇرۇپ ژىيۇلېن بىلەن سۆھبەتـ لەشمەكتە ئىدى. يېنىدىكى زەر يەڭلىك كىيىم كىيگەن بىر ئادەم ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

— سىز ئاۋۇ ئادەمنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ ئاستا ژىيۇلېنغا، — ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ باش ئەلچىسى، شاھزادە داراسلى بولىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگلار نىرۋال ئەپەندىدىن مېنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، 24 سائەت ئىچىدە ماڭا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىشقا بىرنەرسە دەپ بولمايدۇ.

— ئەبلەخلەر! — دەپ تىللىدى ژىيۇلېن ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ.

— شاھزادە داراسلىغا بىر نەزەر سېلىڭ، ئۇ ھەر بەش مىنۇتتا ئۆزىنىڭ ئالتۇن ئوردېنىغا بىر قاراپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇ شۇ ئوردېننى دەپ پۈتۈن بىر شەھەر خەلـ قىنى دارغا ئېسىشتىنمۇ قايتمىغان.

— بىر ئوردېننى شۇنچىۋالا چوڭ بەدەل تۆلەپ ئالـ غانمۇ؟ — دەپ تولىمۇ بىئارامىلىق بىلەن سورىدى ژىيۇـ لېن.

— ياق، تېخى بولا ئەمەس، — دېدى جاۋابەن ئالتاـ مىرا، — ئۇ ئۆز ۋەتىنىدە لىبېرال دەپ نام ئالغان 30 باي ـ پومېشچىكنى دەرياغا تاشلاشنى بۇيرۇغان بولسا

كېرەك.

— ۋاي، ئېپلاسەي! — دېدى يەنە ژيۇلېن.

— سىز تېخى بەكمۇ ياشسىز! — دېدى ئالتامىرا، — سىز بىلەن مەن قولىمىز قانغا بويالمىغان ئادەملەردىن بولىمىز. بىراق مەندىن قانخور ياكوبىنچى ۋە ياۋۇز دەپ، سىزدىن بولسا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرگەن ئاۋام دەپ نەپرەتلىنىشىدۇ.

— ئىنتايىن توغرا! — دېدى ماتىلدا خانقىز گەپ قىستۇرۇپ.

ئالتامىرا ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى، ژيۇلېن بولسا ئۇنىڭغا قاراشنى لازىم تاپمىدى.

ئەتىسى يىگىت خەت يېزىۋېتىپ، يەنىلا ئالتامىرا بىلەن قىلغان سۆھبەتنى ئەسلىدى. ماتىلدا خانقىزنىڭ كۆتۈپخانىغا تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ژيۇلېننىڭ خىيالى بۆلۈندى. ژيۇلېن قاتتىق خاپا بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بېشىنى كۆتۈرگەندە ماتىلدا خانقىزغا تىكىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى دېيىشكە بولىدۇ. كېيىن بۇ چوڭ ئېچىلغان كۆزلەر قىزنى كۆردى-دە، دەرھال خىرەلەشتى، ماتىلدا خانقىز تولىمۇ ئارامسىزلاندى.

قىز ئۇنىڭدىن ئەڭ يۇقىرىدىكى تەكچىدە تۇرغان «فرانسىيە تارىخى» ناملىق كىتابنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، لېكىن بۇنىڭ ئانچە زور رولى

بولمىدى. ژيۇلېن قىزنىڭ دېگەن ئىشىنى بىجىرىپ بولغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ كەتتى. تاكى قولى تېگىپ كېتىش سەۋەبىدىن كىتاب جاۋىنىنىڭ ئەينىكى چېقىلىپ پولغا چۈشكەندىلا ئاندىن ئۇ ئېسىگە كېلىپ، ئالمان ـ تالمان ماتىلدا خانقىزدىن كەچۈرۈم سورىدى. ماتىلدا ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقاندىلىقىنى، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشتىن كۆرە ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇشنىڭ ئۇنىڭغا كۆپرەك ياقىدىغانلىقىنى ئېنىق سەزدى ـ دە، ژيۇلېنغا ئۇزۇن ۋاقىت تىكىلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئاستا چىقىپ كەتتى. ژيۇلېن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، يىگىت ئۇنىڭ تۇنۇگۈنكى ئېسىل كىيىنىشىدىن پەرقلىق ھالدا بۈگۈن ئاددىيغىنا كىيىنگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چىراي ئىپادىسىمۇ تۇنۇگۈنكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى، گېرتسوگ رىسىنىڭ سارىيىدا بولغان تانسىدا ئىنتايىن تەكەببۇر كۆرۈنگەن بۇ قىز ھازىر ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر خىل يېلىنىش نەزەرىدە قارىغانىدى.

— نەزەرىمدە بۇ قارا كۆڭلەك، — دەپ ئويلىدى ژيۇلېن، — ئۇنىڭ چىرايلىق قامىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ، لېكىن ئۇ نېمىشقا ماتەم كىيىمى كىيىۋالدى؟

ماتىلدا خانقىز بايا ئۆزىنىڭ بۇ يىگىتنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى روشەن سەزگەندەك

بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى قاقاقلاپ بىر كۈلۈش بىلەن يوشۇرۇپ قالماقچى بولدى.

كەچتە تاماقخانىغا كىرگەندە ژيۇلىېن ماتىلدا خانىقىزنى باشتىن ـ ئاياغ ماتەم كىيىمىدە كۆرۈپ رەنجىگەنلىكىنى دەرھال ئۇنتۇدى. ئائىلىدىكىلەردىن ئۇنىڭدىن باشقا بىرەرسىنىڭمۇ قارا كىيىنمىگەنلىكى يىگىتكە بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بەختىگە داستىخاندا لاتىن تىلىنى بىلىدىغان ئاكادېمىكمۇ بار ئىدى.

— ئەگەر ماتىلدا خانقىزدىن بۇ ئىش ھەققىدە سوئال سورىسام ھەقىقەتەن ئورۇنسىز بولارمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ژيۇلىېن، — مۇنۇ ئادەم بۇ توغرۇلۇق مېنى زاڭلىق قىلمىسا كېرەك.

كىشىلەر ئۇستەلدىن تۇرۇشقا باشلىدى. ژيۇلىېن ئاكادېمىكنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، بىپەرۋا بىر خىل قىياپەتتە دېدى:

— ماتىلدا خانقىزنىڭ بۈگۈن ماتەم كىيىمى كىيىۋالغىنىغا قارىغاندا، بىرەر تاغىسى ئۆلۈپ كېتىپ، مىراسقا ئىگە بولدىمۇ ـ نېمە؟

— نېمە؟ سىز مۇشۇ ئۆيدە ياشاپ تۇرۇپ، بۇ قىزنىڭ بۇنداق بىمەنە ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسىز تېخى؟ — دېدى ئاكادېمىك بىردىن توختاپ، — راستىنى ئېيتسام، ماڭا قىزنىڭ بۇنداق بىمەنىلىكىگە ئانىسىنىڭ يول قويۇشى بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

ئۇ گېپىنى توختىتىپ، قۇۋلۇق بىلەن ژيۇلېنغا قاراپ قويدى.

— بۈگۈن 30 ـ ئاپرېل!

— راستىنى ئېيتسام، مەن...، — دېدى ژيۇلېن ئاكادېمىككە ۋە ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— ئەجەبا، سىز 1570 ـ يىل 30 ـ ئاپرېل كۈنى سادىر بولغان ۋەقەنى بىلمەمسىز؟ بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

— قەيەردە؟

— گرېۋ مەيدانىدا.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاكادېمىك ژيۇلېنغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ چىرايلىق يىگىتلەرنىڭ بىرى بولغان بونىفاسىي دې. ل. موللېرنىڭ شۇ كۈنى گرېۋ مەيدانىدا بېشى تېنىدىن قانداق جۇدا بولغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇ خانىش مارگارىتانىڭ سۆيۈملۈك ئاشنىسى ئىدى.

— بىرنەرسىگە دىققەت قىلىڭ، ماتىلدا خانقىزنىڭ ئىسمىمۇ ماتىلدا ـ مارگارىتا.

— لېكىن ماتىلدا خانقىزغا كىچىكىدىنلا قاتتىق تەسىر قىلغىنى شۇ بولغانكى، خانىش مارگارىتا شۇ چاغدا گرېۋ مەيدانىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆيگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، جاللاتنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئويىنىشىنىڭ بېشىنى تەلەپ قىلىپ ئاپتۇ، يەنە كېلىپ شۇ

كۆنى تۈن تەڭ بىلەن ھېلىقى باشنى ئېلىپ ئۆز پەيـ-
تۈنىغا ئولتۇرۇپ، مونمارتلىر تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى
كىچىك بىر ئىبادەتخانىغا ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىپتۇ.

— ناھايەت، شۇنداق ئىشمۇ بولغان دەڭ، — دېدى
قاتتىق تەسىرلەنگەن ژيۇلېن.

— ماتىلدا خانقىز ئاكىسىدىن نەپرەتلىنىدۇ، كۆرۈپ
تۇرۇپسىز، ئۇنىڭ ئاكىسى تارىختىكى بۇ ۋەقە توغرىسىدا
ئويلىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. ماركىز خانىمنىڭ قىزىنىڭ
بۇ قىلىقلىرىغا چىداپ يۈرگىنىگە ھەيرانمەن... بۇ گۈ-
زەل قىزغا ئۆيلەنگەن ئادەم بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە
ئىشلارنى كۆرۈشى مۇمكىن!

## ئازاپلىق سۆيگۈ

ئاردىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىر
كۈنى ژيۇلېن ماركىز ئائىلىسىنىڭ بېغىدا چوڭقۇر ئويغا
پاتقان ھالدا سەيلە قىلدى. ئۇ بايىلا ئاكىسى بىلەن يۈ-
گۈرۈۋېتىپ پۇتىنى زەخىملەندۈرۈۋالغانلىقىنى ئېيتقان
ماتىلدا خانقىزنى يۆلەپ مېھمانخانا ئىشىكىگىچە ئاپىرىپ
قويغانىدى.

— ئۇ بىلىكىمگە قانداقتۇر غەلىتە بىر خىل تە-
رىزدە يۆلەندى! ئۇنىڭ ماڭا ھەقىقەتەنمۇ ئاز - تولا
كۆڭلى چۈشۈپ قالدىمۇ - نېمە؟ ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا

شۇنداق تەكەببۇر بولغىنى بىلەن، مەن گەپ قىلغاندا ئىنتايىن مۇلايىم بىر قىياپەتتە قۇلاق سالىدۇ. ئۇنىڭ-دىكى بۇ خىل ئىپادىنى مېھمانخانىدىكىلەر كۆرسە تو-لىمۇ ھەيران بولۇشى تۇرغان گەپ. ئىمانىم كامىلكى، ئۇ باشقا ھەرقانداق كىشىگە بۇنداق مۇلايىم ۋە مېھرىبان پوزىتسىيىدە بولمايدۇ.

ماتىلدا بىرنەچچە قېتىم چىچىلىپ تۇرغان چېغىدا، ژيۇلېن بىلەن ئاقسۆڭەك خانىملاردەك گەپلەشمەكچى بولدى. بىر قېتىم ژيۇلېن قىزنىڭ گېپىنى چورتلا بۆلىۋەتتى:

— ئەگەر خانقىز ئاتىسىنىڭ كاتىپىغا بىرەر ئىش تاپشۇرماقچى بولغان بولسا، — دېدى ئۇ قىزغا، — كاتىپ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، سۆزسىز ئاڭلايدۇ ۋە بۇيرۇقىنى سادىقلىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ خانقىزغا دەيدىغان ھېچقانداق گېپى يوق.

قىز بىلەن بولغان بۇنداق مۇناسىۋەت ۋە ژيۇلېندا تۇغۇلغان بەزىبىر غەلىتە گۇمانلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇش تەلەپ قىلىنىدى-غان بۇ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدا ژيۇلېننىڭ دىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلىدى.

— ئەگەر ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، تازىمۇ قىزىق ئىش بولاتتى، — دەپ ئويلىدى ژيۇلېن، — لېكىن ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈش - كۆرمەسلىكىدىن

قەتئىينەزەر، بەرىبىر ئۇ قىز بىلەن دوستلىشىپ قال-دىم. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم، بولۇپمۇ ماركىز كروئازنوئا ئاجايىپ تەپ تارتىدۇ — ئۇ ماتىلداغا كۆيۈپ - پىشىپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى، بىراق ئۇ سۆيۈملۈك بەگزادىگە قارىغاندا، مەن كۆپ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيمەن، چۈنكى خانقىزنىڭ ماڭا مەيلى بارلىقى ئىنتايىن روشەن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھە! مەن ئەقلىمدىن ئازمىدىم، بەلكى ئۇ مېنى قوغلىشىۋا-تىدۇ. ھەر نۆۋەت مەن ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشۇم بىلەنلا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ چاقناپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

ژيۇلېن بەزىدە گۇمانلىنىپ مۇنداقمۇ ئويلايتتى:

— بۇ قىز مېنى مازاق قىلىۋاتامدۇ - يە! ئۇ ئا-كىسى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ مېنى كولدۇرلىتىۋاتقان بولمىسۇن!

ئەنە شۇنداق خىياللار ژيۇلېننىڭ كاللىسىغا كى-رىۋېلىپ، باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى، كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە. ئۇ بىرەر جىددىي ئىش بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغىنىدا، خىيالى ئۇنى بىردىن يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. چارەك سائەتلەر ئۆتكەندە ئۇ ھوشىغا كېلەتتى - دە، يۈرىكى زا-رىقىشتىن توختاپ قالاتتى. «ئۇ مېنى سۆيەمدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدە بارغانچە كۈچىيەتتى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ژيۇلېن موللىر ئەپەندىنى ئىشخانىسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ ئالدىرىغىنىچە باغقا قايتتى. ئۇ ماتىلدانى ئوراپ تۇرغان ئېسىلزادە يىگىتلەرگە يېقىنلىشىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ژيۇلېن يېقىن كېلىشى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن جىمىپ قالدى. ماتىلدا خانقىز بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى شۇنچىلىك ھاياجانلانغان ئىدىكى، دەماللىققا سورۇندا قىلىنغان گەپلەرنى يېپىشقا باشقا گەپ تاپالماي قالدى. ژيۇلېن كروئازنۇئا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆزىنى بەكمۇ سوغۇق قارشى ئالغانلىقىنى بىلىپ، دەررۇ ئۇندىمەي نېرى كەتتى.

ئەتىسى ئۇ يەنە روبېل بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ تۇرغىنىنىڭ ئۈستىدىن چىقتى. ئۇلار ژيۇلېننى كۆرۈپلا جىمىپ قېلىشتى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىنى شۈبھە ـ گۇمانلار قاپلىدى:

— بۇ ياش ئېسىلزادىلەر مېنى مەسخىرە قىلىشماقچى بولۇشۇۋاتامدۇ ـ نېمە؟ — دەپ مۇلاھىزە قىلدى ئۇ كۆڭلىدە، — شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ماتىلدا خانقىزنىڭ مەندەك بىر ئەرزىمەس كاتىپنى مەسخىرە قىلىشى قانداقتۇر ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى تەبىئىي. خانقىز ئەمەلىيەتتە

مېنى يىگىتى ئالدىدا رەسۋا قىلماقچى. مەن بىرەر ياققا كېتىشىم، بۇ ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇشۇم كېرەك. دەل شۇ چاغدا، ماركىز ئۇنىڭغا لانگىدوكتىكى ئۆي - زېمىنلىرىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇردى، شۇڭا ئۇ يەرگە بىر بېرىپ كېلىش زۆرۈر ئىدى. ماركىز ئۇنىڭغا تەستە رۇخسەت قىلدى — چۈنكى ماركىز ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ژيۇلىېن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى قەستەن ھېچكىمگە ئېيتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ماتىلدانىڭ قۇلىقى ئۇزۇن بولغاچقا، يىگىتنىڭ ئەتىدىن باشلاپ پارىژدىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى، شۇڭا ئۇ ژيۇلىېنغا باشقىچە نەزەر بىلەن قاراشقا باشلىدى.

— ئۇنىڭ بۇنداق قارىشى مۇغەمبەرلىك بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئويلىدى ژيۇلىېن، — لېكىن ئۇنىڭ شۇنچە جىددىي نەپەس ئېلىشى بىلەن چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان ئەنسىزلىكنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئۇلار ئەمدى يالغۇز قالدى. گەپلىرى تۇزۇك قولاشمىدى.

— ھەي، ژيۇلىېن مېنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلىقىمنى بىر ئازمۇ ھېس قىلمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئەلەم بىلەن ماتىلدا ئۆز - ئۆزىگە خورسىنىپ.

ژيۇلىېن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا، قىز ئۇنىڭ



بىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىز بۇگۈن ئاخشام مېنىڭدىن خەت ئالىدى-سىز، — دېدى تونۇپ بولماس دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بىر خىل ئاۋاز بىلەن.

— ئاتامنىڭ سىزنىڭ خىزمەتلىرىڭىزگە بەرگەن باھاسى ناھايىتى يۇقىرى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى قىز، — ئەتە كەتمەسلىكىڭىز كېرەك، بىرەر باھانە ئويدۇلاپ تېپىڭ.

بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىر مالاي ژيۇلېنغا بىر پارچە خەت ئېلىپ كىردى. بۇ خەتنى پۈتۈنلەي بىر مۇھەببەت خىتابنامىسى دېيىشكە بولاتتى.

«*سىزنىڭ يولغا چىقىشىڭىز دىلىمدىكى گېپىمنى ئېيتىشقا مەجبۇر قىلدى... سىزنى ئۇزۇن مۇددەت كۆرمەيدىغانلىغا زادىلا چىدىيالمايمەن....*»

— ياھ! — ژيۇلېن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، — مەندەك بىر غېرىب سەھرالىقتا بىر ئېسىلزادە خان قىز ئاخىر ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلدى! مەن ماركىز كروئازنۇئادىن ئۇستۇن كەپتىمەن، ئۇ ئىنتايىن كېلىشكەن، چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان، ئۇچىسىدىكى ھەربىي فورمىسى شۇنداق ياراشقان، گەپ - سۆزلىرى جايىدا، سالاپەتلىك بىر يىگىت ئىدى.

ژيۇلېننىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى، ئۇ باغقا چىقىپ خۇشاللىقتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا سەيلە

قىلىپ يۈردى.

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ لانگىدۇكقا قىلىدىغان سەپىرىنى هازىرچە ئىلاجسىز توختىتىپ تۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ماركىزنىڭ سەمىگە سالدى.

ماركىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

— بەلەن بولدى! — دېدى چەكسىز شادلىقتا چۆمگەن ژيۇلېن ئۆز ـ ئۆزىگە، — ماركىز كروئازنۇئا بىلەن مېنىڭ قىممىتىمنى تارازىدا تارتىۋىدى، مەن — يۇرا تېغىدىن كەلگەن نامرات ياغاچچى غەلىبە قىلدى.

ژيۇلېن ئىچىدىكى خۇشاللىقىنى بېسىپ تۇرالمىدى:

— مەن ئۆمرۈم بويى قارا كەمزۇل كىيىپ يۈرۈشكە مەهكۇم قىلىنغان تاغلىق بىر غېرىب دېهقانمەن!.. — دېدى ئۇ تەكرارلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئېه، بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن ياشىغان بولسام، ئۇلاردەك هەربىي فورما كىيىپ يۈرگەن بولاتتىم. ئۇ چاغلاردا مەندەك ئادەم يا جەڭدە هالاك بولاتتى، يا 36 يېشىدا گېنېرال بولۇۋالاتتى. ئەمدىچۇ، مۇنۇ قارا كەمزۇلنى كىيىپ 40 ياشقا كىرگىنىمدە يىلىغا 100 مىڭ فرانكلىق مائاشقا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم، بۇمۇ بىر هەقىقەت. خوش، — دېدى ئۇ سوغۇق هىجىيىپ، — مەن ئۇلاردىن ئەقىللىقراق ئىكەنمەن ۋە بۇ دەۋرىمىزگە ماسلىشىشنى بىلىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دىنىي جەمئىيەتكە

بولغان يۈكسەك ئارزۇلىرى ۋە دىنىي خادىملار كېيىن-مىگە بولغان ئىخلاسى يەنىمۇ ئېشىپ كەتتى.

— مېنىڭدىنمۇ بەك تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان قانچىلىغان كاردىناللار قۇدرەت ۋە ھاكىمىيەتكە ئېرىشكەنغۇ!

ماتىلدا ژيۇلېنغا مەكتۇپ يازغىچە ئىدىيىسىدە قات-تىق كۈرەش بولدى. ئۇنىڭ ژيۇلېنغا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىنىڭ قانداق باشلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەيدا بولغان بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ غۇرۇرىنى بېسىپ چۈشتى، قىز ئېسىنى بىلگەندىن بۇيان بۇ غۇرۇر ئۇنىڭ دىلىدا بىردىنبىر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانىدى. بۇ تە-كەببۇر، دىمىغى ئۈستۈن قىزنىڭ قەلبىنى تۇنجى قې-تىم سۆيگۈ يالقۇنى بويسۇندۇردى. ماتىلداغا ئالدىدا بەخت ئىشىكى ئېچىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇنلا ماتىلدا كارامەت ئادەمدىن بىرەرسىنى يو-لۇقتۇرۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ مەكتۇپ يوللىدى. ئۇ جەم-ئىيەت پەلەمپىيىنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرغان بىر يىگىتكە ئۆزى بىرىنچى بولۇپ خەت يازدى. ماتىلدا ئۆز تەبىقىسىدىن يۈز ئۆرۈدى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئادەم-لەرگە مەلۇم بولۇپ قالسا، ئېنىقكى، قىز ئۆمۈرلۈك شەرمەندە ـ شەرمىسار بولاتتى. ئانىسىنىڭ ئالدىغا كې-لىپ تۇرىدىغان ئاياللاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنى ئاقلاشقا

جۈرئەت قىلالمايتتى!

بۇ ئىشلار ھازىرچە ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، ماتىلدانىڭ خۇدۇكسىرەپ يۈرۈشىدە تېخىمۇ مۇھىم بولغان باشقا سەۋەب بار ئىدى: ژيۇلېننىڭ تەبىئىتىدىكى ئاجايىپ سىرلىق، ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتە تەرەپلەر... ئەمدى ئاشۇنداق تەبىئەتلىك ئادەمنى ئۆز مەھبۇبى، ئۆز ھۆكۈمدارى قىلماقچى ئىدى!

— ژيۇلېن نەسىل ـ نەسەبىنى ئازراقمۇ ھۆرمەت قىلمايدۇ، — دەپ ئويلايتتى قىز، — ئەڭ يامىنى، ئېھتىمال ئۇ مېنى زادىلا ياخشى كۆرمەسلىكى مۇمكىن.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ژيۇلېن كۇتۇپخانىغا كىرىشى بىلەن تەڭ، ئىشىكتە ماتىلدا خانقىز پەيدا بولدى. يىگىت ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جاۋاب مەكتۇپىنى بەردى.

*«سىزگە نېمە بولدى، خان قىز؟* — دەپ *يازغانىدى ژيۇلېن خېتىدە — سىز راستىنىلا ئاتىڭىزنىڭ مالىيى ئارسىننىڭ قولى بىلەن يۇرا تېغىلىق بىر نامرات ياغاچچىنى قىزىقتۇرۇپ خەت يازدىڭىزما؟ سىز ئېھتىمال ئۇنى ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئەخمەق قىلماقچى بولغانسىز، شۇنداقمۇ؟»* يەنە كېلىپ ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىغا چاقچاق قىلىپ *«ئەتە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا يولغا چىقىمەن»* دەپ يېزىپ قويىدى.

سائەت بەشلەردە، كۇتۇپخانا بوسۇغىسىدا ماتىلدا خانقىز يەنە پەيدا بولدى ـ دە، ژيۇلېنغا بىر پارچە خەتنى

تاشلاپ بىرىپلا قېچىپ كەتتى.

— قارىغاندا، بۇ ئىش ئىشقى مۇھەببەت خەتلىرىدىن تەركىب تاپقان رومانتىك ھېكايىگە ئايلىنىپ قالامدۇ ـ قانداق؟ — ژيۇلېن خەتنى ئېچىشقا ئالدىرىمىدى، بىراق ئۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىغاندا، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

*«مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، بۈگۈن ئاخ- شام سىز بىلەن سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ. كېچە سائەت بىرگە داڭ ئۇرۇشى بىلەن باغقا چىقىڭ. باغۋەننىڭ قۇ- دۇق يېنىدا تۇرغان شوتىسىنى ئېلىڭ ـ دە، ئۇنى دېرى- زەمگە قويۇپ خانامغا كىرىڭ. ھازىر تولۇن ئاي ۋاقتى، ھەممە ياق ئايدىڭ، ھېچ ئىش بولمايدۇ.»*

— ھەممىسى چۈشىنىشلىك، ئۇ قىز مېنى ھالاك قىلماقچى ياكى ھېچبولمىغاندا كولدۇرلاتماقچى، — دەپ ئويلىدى ژيۇلېن، — شورى قۇرۇغۇر! كېچىسى سۈتتەك ئايدىڭ بولۇۋاتسا، مەن تېخى شوتا كۆتۈرۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە، بەش ئادەم بويى ئېگىزلىككە چىققۇدەكمەن! ئۇ يەرگە چىقىپ بولغۇچە مېنى يان ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەم- مىسى كۆرۈپ قالامدۇ؟ ئۇ چاغدا مەن تازا رەسۋا بول- مامدىمەن!

ژيۇلېن خانىسىغا قايتىپ كىرىپ ئىسقىرتقىنىچە سەپەر چامادانىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ قىزغا ھەتتا جاۋابمۇ بەرمەسلىككە ئەھدە قىلدى. لېكىن

بۇ ئاقىلانە قاراردىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى تىنچىمى-
دى.

— ئالىمادىس ماتىلدا مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆ-
رۈپ قالغان بولىسچۇ!... — ئۇ بىردىنلا ئويلىنىپ قال-
دى.

تۈن نىسبەدىن كېيىنكى بىرقانچە سائەت ناھايىتى
تەستە ئۆتتى!

سائەت 11 لەرگە يېقىن ئاي چىققان بولۇپ، سائەت
12 يېرىم بولغاندا، ئۆينىڭ باغقا قارىغان تاملىرى سۈت-
تەك ئايدىڭدا يورۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ قىز ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ! — دەپ خى-
يال قىلدى ژيۇلېن.

سائەت بىرگە داڭ ئۇرغاندا، روبېلىنىڭ خانىسىدا
تېخىچە چىراغ يېنىپ تۇراتتى. ژيۇلېن دۇنياغا تۆرەل-
گەندىن بۇيان بۇنچىلىك قورقمىغانىدى.

ژيۇلېن بېرىپ يوغان شوتىنى ئېلىپ كەلدى - دە،
بەش مىنۇت كۈتۈپ تۇردى، سائەت بىردىن بەش مىنۇت
ئۆتكەندە، ئۇ شوتىنى ماتىلدانىڭ خانىسىنىڭ دېرىز-
ىسىگە تىرىدى، ئاندىن ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا ياماشتى.

ئۇ قولىغا تاپانچىسىنى ئېلىۋالغانىدى. ئەجەبلىنەر-
لىكى شۇكى، ئۇ پىستىرمىغا ئۇچرىمىدى. ژيۇلېن دې-
رىزە ئالدىدا پەيدا بولغاندا قاپقاق ئاستا ئېچىلدى.

— مانا چىقىۋالدىڭىز، — دېدى ماتىلدا ھاياجىنىنى

يوشۇرالماي، — مەن بىر سائەتتىن بېرى سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزنى كۆزىتىپ تۇردۇم.

ئەتىسى ماتىلدا چۈشلۈك تاماقتا چىقىمىدى، كەچقۇرۇن مېھمانخانىدا بىردەملا بولدى ۋە ژيۈلېنغا نەزەرىنى پەقەت سېلىپمۇ قويمىدى. ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنلىرىمۇ قىز ژيۈلېنغا يەنىلا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، ئۇ ژيۈلېنغا قارىمىدى، ئۇنى كۆرۈشنى زادىلا خالىمىدى.

— مەن ئۆزۈمگە يەنە بىر ھۆكۈمدار كۆپەيتىۋالدىم! — دەپ ئويلىدى ماتىلدا خانقىز، ئۇ قايغۇلۇق ئازابلىنىش ئىچىگە پېتىپ قالغانىدى، — ئۇ مېنى نېرى - بېرى قىلالايدىغان غايەت چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالدى. ماتىلدا خانقىز بۇنىڭغا ئاساسەن ژيۈلېننى تازا بىر تىللىماقچى بولدى.

ئەڭ كۈچلۈك ھەسرەت ژيۈلېننى ئازابلىماقتا ئىدى.

— مەن ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق تەكەببۇر ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان، — دەپ ئويلىدى ژيۈلېن. ئۈچىنچى كۈنىمۇ ماتىلدا خانقىز جاھىللىق قىلىپ ئۆزىگە قارىمىغانلىقى ئۈچۈن قىزنىڭ خاپا بولۇپ يۈرگىنى ئېنىق بولسىمۇ، يىگىت قىزنىڭ كەينىدىن چىقتى.

— نېمە بولدىڭىز، ئەپەندى؟ سىز راستتىنلا مېنى ئۆزۈمگە باغلىۋالدىم دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ — دېدى ماتىلدا غەزىپىنى ئاران بېسىپ.

— سىز مېنىڭ ئارزۇيۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭىز، دۇنيادا تېخى ھېچكىمنىڭ بۇنداق ئەدەپسىزلىككە جۈر-ئەت قىلمىغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

— قەسەم ئىچىمەن، بۇ گەپلەر ئۆمۈرلۈك سىر بو-لۇپ قالىدۇ، — دېدى ژيۇلىېن، — ھەتتا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە گەپ قىلماي-مەن، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمەن. ژيۇلىېن شۇنداق دەپلا ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلدى ـ دە، ماتىلدانىڭ يې-نىدىن نېرى كەتتى.

ژيۇلىېن ۋەزىپەم دەپ بىلىدىغان ھەممە ئىشنى ئا-سانلا ئورۇنداپ كەلگەن، ماتىلدا خانقىزنى ناھايىتىمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئۇ ھەتتا خى-يالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگى-رى ئۇ تېخى قىزنى ياخشى كۆرمەيتتى. بىراق ئۆزلى-رىنىڭ ئۆمۈرۋايەتكە ئايرىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى چۈ-شەنگەندە، يىگىتنىڭ دىلىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلاردا بىر-دىنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ژيۇلىېن ماتىلدا خانقىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بو-لۇپ، ئەقلىدىن ئېزىشقا ئازلا قالدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولغاچقا، قىيىن ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالالايتتى، شۇڭا لانگىدۇكقا مېڭىپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى

ماركىزغا خەۋەر قىلدى.

— قاياققا؟ — دەپ سورىدى ماركىز.

— لانگىدۇكقا.

— بارماڭ، كۆڭلىڭىز خالىسا، مەن سىزگە مۇھىم ئىش تاپشۇرماقچىمەن، ئەگەر بارماقچى بولسىڭىز، شىد-مال تەرەپكىلا بارسىز... تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ھەربىيچىسىگە ئېيتسام، ھازىر مەن سىزنى تۇرار جاي ئىچىگىلا مەھكۇم قىلىپ قويماقچىمەن. تۇرار جاي ئى-چىدىن ئايرىلغان ۋاقتىڭىز كۆپ بولغاندا ئىككى - ئۈچ سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. سىز ماڭا ھەرقانداق ۋاقىتتا كېرەك بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ژيۇلېن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تەزىم قىلدى-دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا گەپ قىلالماي، نائىلاج خانىسىغا كىرىپلا ئىشىكنى تاقىۋالدى.

— مانا ئەمدى ھېچقانداق يەرگىمۇ بارالمايمەن، — دېدى ئۇ، — ماركىزنىڭ مېنى پارىژدا قانچە ۋاقىت تۇ-تۇپ تۇرۇشىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ يا مەسلىھەتلىشەي دېسەم بىرەر دوستۇممۇ يوق.

## ئالاھىدە ۋەزىپە

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماركىز ژيۇلېننى ھۇزۇرىغا چاقىردى. موللىېر ئەپەندى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈ-

نەتتى، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— مەن سىزنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىڭىز ھەققىدە سۆزلەشمەكچىمەن، — دېدى ئۇ ژيۇلىنغا، — ئاڭلىسام سىزنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىڭىز كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىكەن! تۆت بەتلىك بىر خەتنى يادلاش، كېيىن لوندونغا بېرىپ گەپلەرنى تولۇق تەكرارلاش قولىڭىزدىن كېلەمدۇ؟ لېكىن بىر خەتنىمۇ خاتا دەپ قويماسلىقىڭىز لازىم!

ماركىز قولىدىكى «كۈندىلىك گېزىت» نى مىجىقلىغىنىچە، چىرايىدىكى جىددىيلىكنى يوشۇرۇشقا بىھۇدە ھەرىكەت قىلاتتى. ژيۇلىن ئۇنى بۇنداق جىددىيلەشكەن قىياپەتتە كۆرمىگەنىدى.

— بۇ «كۈندىلىك گېزىت» تە قىزىقارلىق نەرسىلەر بولمىسا كېرەك. ئەگەر ماركىز ئەپەندى ئىجازەت بەرسە، — دېدى ئۇ موللىېر ئەپەندىگە، — ئۇنىڭغا بېسىلغانلارنى ئەتە ئەتىگەندە ئالدىڭىزدا بىر ھەرپىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي يادلاپ بېرىشكە ۋەدە بېرىمەن.

— راستمۇ؟ ھەتتا ئېلانلىرى بىلەن ـ ھە؟

— ھەئە، بىر ھەرپىنىمۇ قالدۇرماي يادلاپ بېرىمەن.

— ماڭا ۋەدە بېرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ماركىز تۇيۇقسىز جىددىيلىشىپ.

— ۋەدە بېرەلەيمەن، ئەپەندىم.

— مەن سىزگە كېپىل بولدۇم، مەن سىزنى بىر

ئۆيگە ئېلىپ بارىمەن، ئۇ يەرگە بىرنەچچە ئادەم يىغىلدۇ، سىز ئۇ يەردە ھەربىر كىشىنىڭ دېگەنلىرىنى يېزىۋالىسىز. قورقماڭ، بۇ ھەممەيلەن تونۇشمۇتونۇشتىن گەپ قىلىدىغان ئومۇمىي، مەۋھۇم سۆھبەت بولمايدۇ، بەلكى ھەركىم ئۆز رېتى بويىچە سۆزلەيدۇ. بىز سۆزلىشىۋاتقاندا، سىز 20 بەتتەك گەپنى بىراقلا يېزىۋالىسىز. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇنى تۆت بەتكە يىغىنچاقلايمىز. ئەتە سىز گېزىتنى ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ تۆت بەتلىك قىسقارتىلمىنى يادلاپ بېرىسىز. كېيىن دەرھال يولغا چىقىسىز ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ساياھەت قىلىپ يۈرگەن ئادەمدەك مەقسىتىڭىزنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەيسىز، سىز ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر ئادەمنىڭ يېنىغا بارىسىز. ئۇ يەردە بىرئاز ئۇستاتلىق قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، يەنى سىز ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەملەرنى ئالدىشىڭىز لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ كاتىپلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى ئىچىدە دۈشمەنلىرىمىزگە سېتىلغان ئادەملەر بار. ئۇلار بىزنىڭ ئىش بېجىرگۈچى خادىملىرىمىزنى ھەر ۋاقىت پايلاپ يۈرۈشىدۇ ۋە قولغا چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشىدۇ. سىزگە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىمىز. ھېلىقى مەرتىۋىلىك كىشى سىزگە قارىشى بىلەنلا، يانچۇقىڭىزدىن مېنىڭ مۇنۇ سائىتىمنى چىقىرىسىز. بۇ سائەتنى مەن سىز ساياھەتكە بېرىپ كەلگۈچە بېرىپ تۇ

رىمەن. ھېلىقى تۆت بەت گەپنى سىزنىڭ يادلاپ بەر-گىنىڭىز بويىچە گېرتسوگنىڭ شەخسەن ئۆزى يېزىۋا-لىدۇ. بۇ ئىش ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى سوراپ قالسا، ھازىر قاتناشماقچى بولۇۋاتقان سۆھبەت ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىسىز. لېكىن يادىڭىزدا بولسۇن، ھەرگىز ئالدىراپ ئېغىز ئاچماڭ.

— سىز بۇ قېتىمقى سەپەردە زېرىكمەيسىز، بولۇپ-مۇ پارىژ بىلەن مىنىستىرنىڭ قارارگاھى ئوتتۇرىسى-دىكى يولدا دىنىي خادىم سورېل ئەپەندىنى ھالاك قىلىش غەرىزىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەر ئۇچرىشى مۇمكىن، شۇڭا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز دەرھال بىر قۇر يېڭى كىيىم تەييارلاپ، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك ياسىنىڭ. بۈگۈن كەچقۇرۇن سىز سىرتقى كۆرۈنۈشىڭىزگە ئانچە دىققەت قىلمايدىغان ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈشىڭىز كېرەك. لېكىن يولدا بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەتتىكىچە كىيىنىپ مېڭىۋېرىشىڭىز لازىم. ئەجەبلىنىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ ھە، دوستۇم، سىز بىر-دەمدىن كېيىن نۇتقىنى ئاڭلايدىغان مۆھتەرەم زاتلار ئىچىدە مەلۇم بىرسى كېرەكلىك ئادەملەرگە سىز توغ-رىسىدا مەلۇمات بېرىشى مۇمكىن، سەپىرىڭىزدىكى مە-لۇم بىر مېھمانخانىدا ئۇنىڭ مەلۇماتى بويىچە سىزنى ئۇلار ھېچبولمىغاندا ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى بىلەن بابلىشى مۇمكىن.

بىر سائەتتىن كېيىن ژيۇلېن ماركىز ھۇزۇرىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئۇچىسىغا مودىدىن قالغان كونىچە كاستۇم كىيىپ، بوينىغا رەڭگى ئۆچكەن گالستۇك تاقىۋالغان بولۇپ، بەئەينى سەھرادىن كەلگەن بىر تالىپقا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنى كۆرۈپ ماركىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەگەر بۇ يىگىتمۇ ماڭا خىيانەت قىلسا، — دەپ ئويلىدى موللېر ئەپەندى، — ئۇ چاغدا كىمگە ئىشىنىشىم كېرەك؟ بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا، كىمگىدۇر ئىشىنىشىڭ كېرەكقۇ دېيمەن. ئوغلۇم بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىدا جاسارەتمۇ، ساداقەتمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەگەر جەڭ قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇلار تاجۇ-تەختىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ... ئەمما بىرلا يېرى ھازىر مەن ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان تالانت - ئىقتىدار ئۇلاردا يوق. ئۆلگۈر، ناۋادا مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەرسىنىڭ تۆت بەتلىك گەپنى يادقا ئېلىۋالالايدىغانلىقى ۋە 100 چاقىرىم يولنى بىلىندۇرمەي بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەم...

ژيۇلېن موللېر ئەپەندى بىلەن بۇ مېھمانخانىدىن چىققاندا كېچە سائەت ئۈچ بولغانىدى. ماركىزنىڭ ژيۇلېن يازغان يىغىن خاتىرىسى ئاساسىدا تۈزگەن مەخپىي مەكتۇپى ئەتىگەندە، يەنى سائەت تۆتتىن چارەك ئۆتكەندە

تولۇق تاماملاندى.

ئەتىسى ماركىز ژيۇلېننى پارىژدىن خېلىلا چەت جايدىكى بىر سارايغا ئېلىپ باردى، ئۇ يەردە ژيۇلېنغا باشقا بىر كىشىنىڭ نامى يېزىلغان يول خېتى بېرىلدى ۋە ئۇ پەيتۇنغا ئۆزى يالغۇز ئولتۇردى.

بۇ قېتىمقى سەپەر ھەم تېز، ھەم زېرىكىشلىك بولدى. ئۇ مېتىستىن بىرنەچچە چاقىرىمدەك نېرىدىكى بىر يېزىدا توختىغاندا، پوچتا بېكىتىنىڭ باشلىقى ئۇ- نىڭغا ئات يوقلۇقىنى مەلۇم قىلدى. كەيپى بۇزۇلغان ژيۇلېن كەچلىك تاماق تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى - دە، دەرۋازا ئالدىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ ھېچكىمگە بىلدۈر- مەي ئاتخانىغا كىردى، ئاتخانىدا دەرۋەقە بىرمۇ ئات يوق ئىدى.

— لېكىن بۇ ئادەم ماڭا بەكمۇ غەلىتە كۆرۈنۈۋاتى- دۇ، — دەپ ئويلىدى ژيۇلېن، — ئۇ ماڭا قوپال بىرخىل نەزەر بىلەن تىكىلدى.

ناھايىتى روشەنكى، ژيۇلېن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە قىلغان بارلىق گەپ - سۆزلىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ئۇ كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ بىر ئاماللارنى قىلىپ كېتىپ قېلىشقا نىيەت قىلدى - دە، ھەر ئېھ- تىمالغا قارشى بۇ ئەتراپنىڭ ئوي - دۆڭنى سوراپ بى- لىۋېلىش مەقسىتىدە ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدا، ئۇ مەشھۇر ناخشىچى جىرونىمو ئەپەندىنى كۆرۈپ قېلىپ

بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— بۇ ئادەملەر مېنى ھالىمدىن كەتكۈزىدىغان ئوخ-شايدۇ، — دېدى ئۇ ژيۇلېنغا قاراپ، — مەن ئەتە ماي-نىستا ناخشا ئېيتىشقا ۋەدە قىلغانمەن. ناخشامنى ئاڭ-لاش ئۈچۈن يەتتە شاھزادە ئالايىتەن كەلگەن. قېنى مې-ڭىڭ! سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنەيلى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىغۇدەك يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ژيۇلېنغا:

— بۇ يەردىكى گەپلەردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دې-دى، — بۇ پوچتا بېكىتىنىڭ باشلىقى تازا بىر ئالدامچى ئىكەن، سەيلە قىلىپ يۈرگەن چېغىمدا بىر سەرگەردانغا 20 سۇ بەرگەنىدىم، ئۇ ماڭا ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەردى، ئۇلار ئاللىقانداق بىر ئالاقىچىنى قولغا چۈشۈر-مەكچىمىش.

— راستمۇ؟ — ئۆزىنى پەرۋاسىز كۆرسىتىپ سورى-دى ژيۇلېن.

ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلىپ قېلىشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايتتى، يەنە بۇ يەردىن ئامال قىلىپ كېتى-ۋېلىشىنىڭ چارىسىنى تېپىش كېرەك. ئەمما ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى.

— بوپتۇ، ئەتىگىچە سەۋر قىلايلى، — دېدى ناخشى-چى، — قارىغاندا ئۇلار بىزدىن گۇمانلىنىۋاتىدۇ، سىزدىن گۇمانلىنىۋاتامدۇ ياكى مەندىنمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ئەتە

ئەتىگەندە قىچىپ كېتەيلى، باشقىدىن ئات ـ هارۋا يالالپ ماڭساق، كېيىنكى پوچتا بېكىتىگە يېتىۋالىمىز.

ئۇلار كەچلىك تاماقتىن كېيىن يېتىپ قېلىشتى.

ژيۇلېننىڭ ئەمدىلا كۆزى ئىلىنغانىدى، بىردىنلا كىملەرنىڭدۇر ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ-نىڭ ياتىقىدا ئىككى ئادەم خاتىرجەم سۆزلىشىپ تۇرغان ئىكەن.

ژيۇلېن ئۇلاردىن پانار تۇتۇپ تۇرغان بىرىنىڭ پوچتا بېكىتى باشلىقى ئىكەنلىكىنى دەررۇ تونۇدى. پا-نارنىڭ يورۇقى ژيۇلېننىڭ سەپەر چامادانىغا چۈشۈپ تۇراتتى. پوچتا بېكىتى باشلىقىنىڭ يېنىدىكى ئادەم چامادانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئاختۇرماقتا ئىدى، لېكىن چامادانىدىن ھېچنېمە تاپالمىدى.

— بۇ كىشىنىڭ كىيىۋالغىنى دىنىي خادىملارنىڭ چاپىنى ئىكەنغۇ، — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ژيۇ-لېن ۋە ئاستا ياستۇقىنىڭ تېگىگە تىقىپ قويغان ئىككى تاپانچىنى قولىغا ئالدى.

— ئۇنى ئويغىتىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقماڭ پوپ، بىز ئۇلارنى ئۆزىڭىز تەييارلىغان ۋىنو بىلەن مېھمان قىلغانمىز.

— ھېچقانداق ھۆججەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ھەممىسى ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەركەن. بۇ سايا-ھەت قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدىغان تەنتەك ياشلار-

نىڭ بىرى ئوخشايدۇ. ئالاقىچى ئۇ كىشى ئەمەس، باشقا بىرسى بولسا كېرەك.

ئۇ ئىككى ئادەم ژيۇلېننىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇش نىيىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئۇ بىر تۇرۇپ ئۇلارنى ئوغرى دەپلا ئېتىپ تاشلىماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇ «ئەخمەقلىق قىلماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇلار ژيۇلېننىڭ كىيىم - كېچەكنى ئاختۇرۇپ چىقتى.

— بۇ كىشى دىپلومات ئەمەس ئىكەن، — دېدى پوپ ۋە يىگىتتىن يىراقلىشىپ چىقىپ كەتتى.

پوپ چىقىپ كېتىۋېتىپ توساتتىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇۋىدى، ژيۇلېن ئىنتايىن ھەيران قالدى! ئۇ كىشى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پىرار ئەپەندىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى.

پوپ بىلەن پوچتا بېكىتىنىڭ باشلىقى چىقىپ كەتتى. چارەك سائەتتىن كېيىن، ژيۇلېن ئۆزىنى چۆچۈپ ئويغانغاندەك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيىپ ھەممىنى ئويغىتىۋەتتى.

— مېنى زەھەرلىشىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ۋاي، بەكمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن!

يىگىت جىرونىموغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن باھانە

تېپىپ، ئۇنىڭ خانىسىغا كىرىپ مەست قىلىۋېتىلگەن ناخشىچىنى يېرىم ھوشسىز ھالدا كۆردى.

شۇنداق نەيرەڭنىڭ بولۇشىنى ئالدىن سەزگەن ژيۇ-لىېن ئۆزى پارىژدىن ئېلىپ كەلگەن شاكىلاتلار بىلەنلا غىزالانغانىدى. ئۇ قانچە قىلسىمۇ جىرونىمونى ئويغى-تىشقا ۋە ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىدى.

— ماڭا پۇتۇن ناپلېسنىڭ پادىشاھلىقىنى ھەدىيە قىلىشقان تەقدىردىمۇ ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، — دېدى جىرونىمو، — ياق، تۇرمايمەن، ئۇيقۇ دېگەن نېمىدېگەن شېرىن نەرسە - ھە!

— ھېلىقى يەتتە شاھزادە نېمە بولىدۇ؟

— كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ!

ژيۇلىېن ئۆزى يالغۇز يولغا چىقىپ، ھېچقانداق پا-لاكەتكە يولۇقماي ھېلىقى كاتتا زاتنىڭ يېنىغا كېلى-ۋالدى. ئۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ يېرىم كۈن ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بەختىگە سائەت تۆتلەردە گېرتسوگ سەيلىگە چىقتى. ژيۇلىېن ئۇنىڭ پىيادە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى - دە، سەدىقە سورىدى. ئۇ ھېلىقى كاتتا زاتتىن ئىككى قەدەم نېرىدا توختاپ، يان-چۇقىدىن ماركىز موللېر ئەپەندىنىڭ سائىتىنى چىقار-دى - دە، قەستەن ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ پۇلاڭلاتتى.

— ئارىلىق تاشلاپ كېيىنمەدىن مېڭىڭ، — دېدى ئۇ كىشى ژيۇلېنغا، — ماڭا قارىماڭ.

تەخمىنەن بىر چاقىرىمدەك يول يۈرگەندىن كېيىن، گېرتسوگ بىردىنلا بۇرۇلۇپ كىچىك بىر قەھۋەخانىغا كىردى. ئەنە شۇ تۆۋەن دەرىجىلىك تار ۋە قىستاڭ قەھۋەخانىنىڭ بىر ھۇجرىسىدا، ژيۇلېن ھېلىقى كاتتا زات — گېرتسوگقا تۆت بەتلىك مەكتۇپنى يادقا ئېيتىپ بېرىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى.

گېرتسوگ بەزى گەپلەرنى يېزىۋالدى.

— نەرسىلىرىڭىز بىلەن پەيتۇنىڭىزنى مەشەدە قالدۇرۇڭ - دە، قولىڭىزدىن كېلىدىغانلىكى ئاماللارنى ئىشلىتىپ ستراسبۇرگقا بېرىڭلىڭ. مۇشۇ ئاينىڭ 22 - كۈنى (بۈگۈن ئايغا ئون) سائەت 12 يېرىمدا مۇشۇ قەھۋەخانىدا ھازىر بولۇڭ. بۇ يەردە يېرىم سائەت تۇرۇپ، ئاندىن يېنىپ چىقىڭ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماڭ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

ژيۇلېننىڭ ئاڭلىغان گېپى شۇ بولدى.

— ئۇ كىشى ئىشنى مۇشۇنداق قىلىدىكەن - دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ستراسبۇرگقا باردى، يىگىت ئۇ يەرگە يىراق يول بىلەن ئايلىنىپ باردى.

— ھېلىقى ئىپلاس پوپ مېنى تونۇپ قالغان بولسا، مېنىڭ ئىزىمغا چۈشمەي قويمايدۇ... ۋەزىپەمنى

ئورۇندىيالماي كۆلكىگە قالىدىغان بولسام، ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ!

پۇتكۈل شىمالىي چېگرا مەخپىي تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، يەنى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىقى ژيۇلىيىننىڭ بەختىگە ئۇنى تونۇۋالالمىغانىدى.

ستراسبۇرگتا سەككىز كۈن تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ژيۇلىيەن بىرەر يول بىلەن دىل غەشلىكىنى تۈگىتىش مەقسىتىدە، ئۆزىنىڭ چىدامىلىق تەبىئىتىگە تايىنىپ ئۈمىدسىزلىك قاينىمىغا كىرىپ قالمىدى. ئۇنىڭ ماتىلدا خانقىزغا مۇناسىۋەتسىز بىرەر ئىش توغرىسىدا ئويلاشقا ماجالى يەتمەيتتى. ماتىلدا ئۇنىڭ ياش قەلبىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي رام قىلىۋالغانىدى.

ئۇ ۋېرىيېردىكى چاغلىرىدا تولىمۇ مەغرۇر بولۇپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرەتتى. ئەمدى بۇ غەلىتە يىگىت پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسى بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئۇ ئىچى پۇشۇپ سىيىل سىرتىدا ئاتلىق سەيلە قىلىپ يۈرگەندە، كىمنىڭدۇر خۇشال ئاۋازى ئۇنى شۇ تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇ ئەسلىدە ژيۇلىيىننىڭ لوندوندا تونۇشقان دوستى شاھزادە كورازوۋ ئىدى.

شاھزادە ژيۇلىيىننىڭ نىمىشقىدۇر روھسىزلىنىپ يۈرگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

— قانداق كېتىۋاتىسىز، دوستۇم! پۈتۈن بايلىقىڭىزدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولدىڭىزمۇ ياكى بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟

مۇھەببەت ھەققىدىكى بۇ بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقتىن ژيۇلېننىڭ كۆزىگە ياش كەلدى.

— بۇ ئاجايىپ يىگىت بىلەن مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشسەم نېمە بولىدۇ؟...... — دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ بىردىنلا.

— دوستۇم، — دېدى ژيۇلېن شاھزادىگە، — سىز كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، مەن ستراسبۇرگتا بىرسىگە قاتتىق ئاشىق بولۇپ قالدىم، ھەتتا ھەممىدىن يامان بولغىنى ئۇ مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. كېيىن ئۇ بىرمۇنچە ساختا ئىسىملار بىلەن ماتىلدانىڭ خۇلق- مىجەزىنى ۋە خاراكتېرىنى تەسۋىرلەپ بەردى.

— ئۇنى ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى شاھزادە، — ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىخلاس قويۇشىڭىز ئۈچۈن، دېمەكچى بولغىنىڭىزنىڭ ئاخىرىنى مەن ئاخىرلاشتۇراي. ئۇ ياش قىزنىڭ چوقۇم غايەت زور بايلىقى بار ياكى بەكمۇ ئېسىلزادە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. قىسقىسى، ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىشقا تېگىشلىك مەلۇم بىرنەرسىسى بار.

ژيۇلېن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى شاھزادە، — مېنىڭدە

ئۈچ خىل دورا بار، بۇنى دەرھال ئىستېمال قىلىسىز.
— ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرۇڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ يېنىدىكى خېنىملاردىن بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا كىرىشىڭ، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىككى پارچە مۇھەببەت خېتى يېزىپ تۇرۇڭ. سىزدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، بۇ ئىشتا ناھايىتى قىيىن بىر رولنى ئوينىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ خانىم نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا مەغلۇپ بولغان بولىسىز. خوش، سىز كىمگە كۆڭلىڭىزنى ئىزھار قىلماقچىسىز؟
ژيۇلېن فېرۋاك مارشالنىڭ خانىمىنى خىيالىغا كەلتۈردى. بۇ چەت ئەللىك گۈزەل خانىم مارشالغا تۇرمۇشقا چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن مارشال ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغان بولۇپ، پات ـ پات ماركىزنىڭ سارىيىغا كېلىپ تۇراتتى.
— شۇنداق قىلىشىم كېرەك، مەن مارشال خانىمغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىم كېرەك، — ژيۇلېن كۆڭلىدە قەتئىي نىيەتكە كەلدى.

## مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى

ژيۇلېن دوستىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. سىياسىي ۋەزىيەتنى ئورۇنداپ پارىژغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ مارشال فېرۋاكنىڭ خانىمغا قىزغىن مۇ-

ئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھەر قېتىم ماتىلدا خانقىز بار چاغدا، ئۇ فېرۋاك خانىمغا ناھايىتى كۆڭلى بار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى، يەنە كېلىپ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىرقانچە پارچە مەكتۇپ يېزىپ، شۇ ئارقىلىق ماتىلدا خانقىزنىڭ كۈندەشلىكىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش كويىدا بولدى. دەسلەپتە فېرۋاك خانىم ژيۇلېنغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ژيۇلېنغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى، ئۇ ژيۇلېنىنىڭ مۇھەببىتى ساپ دەپ قاراپ، قەلبى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ژيۇلېنغا بىرمۇنچە ئۇزۇن مەكتۇپلارنى يازدى، لېكىن ژيۇلېن ئۇ مەكتۇپلارنىڭ بىرىنىمۇ كۆرمىدى، ھەتتا ئېچىپمۇ قويمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ماتىلدا خانقىزدا ئىدى. ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ۋە ئاخىر تەكەببۇر ماتىلدا خانقىزنى ئۆزىگە قاراتتى، چۈنكى ماتىلدا خانقىزمۇ ژيۇلېنغا سەۋادىيلارچە ئاشىقى بىقارار بولغانىدى.

ژيۇلېن سەپەردىكى چاغلىرىدا، ماتىلدا ئۇنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇغانىدى.

— يىغىسپ ئېيتقاندا، ئۇ ئاددىيلا بىر ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ نامى ماڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتىمنى مەڭگۈ ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، — دەپ ئويلىدى قىز. بىراق ماتىلدا خانقىز ژيۇلېننى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ بۇ ئويلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى.

— ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ئېرىم، — دېدى ئۇ ئۆ-زىگە ئۆزى، — مەن ئۇنىڭغا تېگىشىم كېرەك.

ئۇ، يىگىت ئۆزىنى بەختسىز كۆرسىتىپ، ئىزاھات بېرىمەن دەپ مېنى بىزار قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇش توغرىسىدا باش قا-تۇرغانىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ماتىلدا خانقىز مېھمانخانىدىن چىقىپ باغقا كىردى، ئەمما ژيۇلېن ئۇ-نىڭ كەينىدىن بىللە چىقمىدى، بەلكى مېھمانخانىدىكى ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماي، مارشال فېرۋاكنىڭ خا-نىمىغا خۇشامەت قىلغان ھالدا، رېيىن دەرياسىنىڭ تاغلىق قىرغاقلىرىدىكى قەلئەلەر توغرىسىدا زوق بىلەن سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى. ژيۇلېن فېرۋاك خانىمغا خۇ-شامەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى يەنىلا ماتىلدانىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىش ئىدى.

ژيۇلېن بىلەن فېرۋاك خانىمنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇ-نىڭ ھاياتىدىكى بىر قىستۇرمىلا ئىدى، خالاس. ژيۇ-لېننى فېرۋاك خانىم تارتىپ كەتكەن شۇ مەزگىللەردە، ماتىلدا خانقىزنىڭ قەلبىدە باشتىن - ئاخىر جىددىي كۆرەش بولدى. بەزىدە ئۇ ھەتتا ئىنتايىن مەيۈس - غەمە-كىن بۇ يىگىتنى مەنسىتمەي، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى، لېكىن ژيۇلېننىڭ سۆزلىرى پات - پاتلا قىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە

جەلىپ قىلاتتى. ژيۇلىيەنىڭ فىرۋاك خانىمغا قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ھەممىۋاسى قىپقىزىل يالغان بولۇپ، ھېچبولمىغاندا، ئۆزىنىڭ ھېلىقى ھەقىقىي ئوي ـ خىياللىرىنى نىقابلاش رولىنى ئوينايتتى.

بەزى كۈنلىرى ژيۇلىيەنمۇ قاتتىق ئازابلىناتتى. ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆچەيتتىكى، بەزىدە پۈتۈنلەي ھالىدىن كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ماتىلدانى كۆرەتتى. ژيۇلىيەن ماركىز مولليېرنىڭ ئۆزىگە يازدۇرىدىغان خەتلىرىدىن ماتىلدانىڭ تېز ئارىدا كروئازنۇئا ئەپەندىگە ياتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مانا ئەمدى، ئۇ ئەپەندى كۈندە كەم دېگەندە ئىككى قېتىم كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، خىزمەتكار فىرۋاك خانىمنىڭ مەكتۇپىنى ژيۇلىيەنغا يەتكۈزۈپ بەردى. ماتىلدا مەكتۇپ ئەكەلگەن خىزمەتكار بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، مەكتۇپنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ خىزمەتكار چىقىپ كېتىشىگە كۈتۈپخانىغا كىرىپ كەلدى. مەكتۇپ ئۈستەلنىڭ بىر چېتىدە تۇرغان بولۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ قالغان ژيۇلىيەن ئۇنى تارتمىسىغا سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇغانىدى.

— بۇنىڭغا ئەمدى ئارتۇق چىدىيالمايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ماتىلدا خەتنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ، — سىز

مېنى پۈتۈنلەي ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنى ياۋايى ئادەملەردەك تۇتتۇۋاتىسىز، ئەپەندى!

ئاغزىدىن مۇشۇ سۆزلەر چىقىشى بىلەن تەڭ ئۆزدىنىڭ تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ژيۇلىننىڭ گېلى بوغۇلغاندەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

ژيۇلېن ھەم ھەيران بولدى، ھەم تېڭىرقاپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ ئۆزى ئۇچۇن قانچىلىك قىممەتلىك ۋە تەبرىكلەشكە، لەززەتلىنىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ قۇربى يەتمەي قالدى. ئۇ ماتىلدانى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇۋىدى، قىز ئاساسەن ھوشىدىن كېتىپ يىگىتنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.

ماتىلدا كۆتۈپخانىدىكى ساپادا كەينىنى قىلىپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئازابتىن پارە ـ پارە بولماقتا ئىدى. بۇنداق ئازابنى پەقەت بىر ئادەمنىڭ تەكەببۇرلۇقى بىلەن مۇھەببىتى گىرەلەشىپ كەتكەندىلا ئاندىن ھېس قىلغىلى بولاتتى.

— ماڭا ھازىر مۇھەببىتىمنىڭ رەت قىلىنىشىنى كۆتۈپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق، مەن نېمىدىگەن بىتەلەي — ھە! مېنىڭ مۇھەببىتىمنى يەنە كېلىپ قانداق ئادەم رەت قىلىۋاتىدۇ؟ — ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تەكەببۇرلىقى يەنە تۇتتى، — دادامنىڭ قولى ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتكار دەڭا؟!



— ياق، بۇنىڭغا چىدالمايمەن، — دېدى قىز ئۈنلۈك ئاۋازدا.

قىز شۇنداق دەپلا ئورنىدىن غەزەپ بىلەن چاچراپ تۇردى ـ دە ئۇدۇلدا تۇرغان يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى شىددەت بىلەن تارتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىزمەتكار ھازىر ئەكەلگەنگە ئوخشاش مەكتۇپلاردىن ئون نەچچە پارچە ئاغزى ئېچىلمىغان ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبى غەزەپ ـ نەپرەتكە تولۇپ، ياغاچتەك قېتىپلا قالدى.

— تېخى مۇنداق دەڭ! — دەپ ۋارقىرىدى قىز ئاچچىقىدا، — سىز بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرسىڭىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى كۆزىڭىزگە ئىلمايدىكەنسىز ـ دە؟ سىز بىر ئەرزىمەس ئادەم بولغىنىڭىزغا قارىماي، فېرۋاك خانىمدەك بىر ئايالنى ئەخمەق قىلىپ يۈرەمسىز، تېخى!

— ياق، ياق، مېنى كەچۈرۈڭ، جېنىم، — دەۋەتتى قىز ۋارقىراپ ـ جارقىراپ بولغاندىن كېيىن ژيۇلېنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، — خالىسىڭىز مېنى كۆزىڭىزگە ئىلمايلا قويۇڭ، لېكىن مەن سىزدىن ئۆتۈنەي كۆڭلىڭىزنى ماڭا بېرىڭ! سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزسىز بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەن!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

— مانا، بۇ تەكەببۇر قىز ئاخىر كېلىپ ئايىغىمغا

يىقىلدى! ـــ دېدى ژيۇلېن ئۆز ئۆزىگە.

ئۇ ماتىلدانى كۆتۈردى ـ دە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي سافاغا ياتقۇزۇپ قويدى. قىز ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى.

ـــ ھېچبولمىغاندا ماڭا جاۋاب بېرىڭ، ـــ دېدى ماتىلدا ئاخىر يېلىنغان ئاھاڭدا، لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ژيۇلېننىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى، ـــ سىز ئوبدان بىلىسىز، مېنىڭ گەدىنىم قاتتىق، دىمىقىم ئۈستۈن، بۇنداق بولۇشىغا ئائىلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مېنىڭ مىجەز خاراكتېرىم سەۋەب بولغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، فېرۋاك خانىم سىزنى مېنىڭدىن تارتىۋاپتۇ......

ماتىلدا قولىدىكى خەتنى ئوقۇپ چىقىشقا ئورۇنۇپ كۆردى. بىراق كۆزلىرىگە ياش تولۇپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

ماتىلدا بىر ئايدىن بۇيان تولىمۇ ئازابلاندى. ئەمما مەغرۇر قەلب ئىگىسى بولغان قىزنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى تەن ئالغۇسى كەلمەيتتى. تەقدىر ئۇنى شۇ كويغا سېلىپ قويدى، بۇ بىر قېتىملىق تاسادىپىي خاپىلىقتىنلا ئىبارەت ئىدى.

ماتىلدا ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ژيۇلېنغا قارىدى، ژيۇلېن قىزنىڭ كۆزلىرىدىن چەكسىز قايغۇ ئىپادىسىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى.

ـــ مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە يارىشا گەدىنىم قاتتىق، ـــ

دېدى ژيۇلېن دېگۈدەك ئاڭلىنىلى بولمايدىغان ئاۋازدا قىزغا، — مېنىڭچە، سىز ئاشۇنداق گەدىنىم قاتتىقلىقى تۈپەيلىدىنلا مېنى ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كۆرۈۋاتامسىز. شۆبھىسىزكى، مەندىكى ئەرلەرگە خاس چىدام ۋە غەيرەتلا سىزنى ئازراق بولسىمۇ مېنى ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.

ماتىلدا ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، يىگىت ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا چىداپ تۇرۇۋەردى.

— ماقۇل! سىز ماڭا قانداق كاپالەت بېرەلەيسىز، — دەپ سورىدى ژيۇلېن قەتئىي ۋە جىددىي ئاھاڭدا، — ھازىر سىزنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن مايىللىقىڭىزنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇشۇق داۋام قىلىشىغا كىم، قايسى پەيغەمبەر كېپىل بولالايدۇ؟

— سىزگە بولغان مۇھەببىتىم بىلەن سىز مېنى ياخشى كۆرمىگەن چاغدا ھېس قىلغان بەختسىزلىكىم كېپىل بولىدۇ، — ماتىلدا ژيۇلېننىڭ قولىنى تۇتتى.

ژيۇلېن قولىنى تارتىۋالدى - دە، ئالاھىدە بىر ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭدىن سەل نېرىغا سۈرۈلۈپ ئولتۇردى، ئارقىدىن ئۇ ساقا ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان خەتلەرنى يىغىپ رەتلىدى - دە، تولىمۇ ئەدەپلىك يۇسۇندا، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا ئاجايىپ بىرخىل شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى:

— مەن ماتىلدا خان قىزنىڭ بۇلارنى ئەستايىدىل

ئويلاپ بېقىشىمغا رۇخسەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كۇتۇپخانىدىن ئىتتىك مې-ڭىپ چىقىپ كەتتى. ماتىلدا ئۇنىڭ ئىشىكنى يېپىد-ۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇردى.

ژيۇلېن ماتىلدانىڭ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىز بىلەنلا كۇتۇپخانىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئوتىدا قىيىنىلىۋاتقىنىغا قارىماي، ئەقىل بىلەن ئىش تۇتۇپ ئۇ يەرگە سائەت توققۇزدا باردى.

چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ماتىلدا سافادا خاتىرجەم ئولتۇراتتى. ئۇ ژيۇلېنغا قولىنى ئۇزاتتى.

— سىز مەندىن كاپالەت تەلەپ قىلغان ئىدىڭىز، دوستۇم، — دېدى قىز بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كې-يىن، — سىز ھەقلىقسىز، مەيلى مېنى ئېلىپ قېچىپ كېتىڭ، لوندونغا كېتەيلى......

— لوندونغا قاراپ يولغا چىققان ھامان، سىزنىڭ مېنى يەنىلا ياخشى كۆرۈشىڭىزگە كىم كېپىل بولالاي-دۇ؟ بۇ ئىشقا سىزنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىڭىز ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز توسالغۇ بولۇۋا-تىدۇ. مېنى بىرەر ھەپتە ئىزچىل ياخشى كۆرەلەيدىغان-لىقىڭىزغا ۋەدە بېرەلەمسىز؟

— گېپىڭىزچە، مەن سىزگە زادىلا مۇناسىپ ئەمەس ئوخشايمەن، —دېدى قىز ژيۇلېننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ.

ژيۇلېن شۇ كۈنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئۆزىنىڭ چەكسىز خۇشاللىقىنى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇپ يۈردى.

— ئەگەر ماتىلدا مېنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سېزىپ قالسا، شۇ زاماتلا ھەممىدىن مەھرۇم بولىمەن، —دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

## كۆچ سىنىشىش

ئەنگلىيىلىك بىر ساياھەتچى ئۆزىنىڭ يولۋاس بىلەن بېقىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: مەن بىر يولۋاسنى بېقىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا دائىم گۆش بېرەتتىم، باش - كۆزلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتەتتىم، لېكىن ئۇستەل ئۈستىگە دائىم ئوقلانغان بىر تاپانچىنى قويۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتىم. ژيۇلېن چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا پەقەت ماتىلدا سەزمىگەن چاغلاردىلا چۆمۈلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئادا قىلاتتى، يەنى قىزغا تۇرۇپ - تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ قوياتتى.

ماتىلدا ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم بىرسىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىئارامىلىق بىلەن ئاستا ئۆتىدىغان زېرىكەرلىك ھاياتى ئەمدى گويا قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ژيۇلېنغا ياۋاشلىق بىلەن تىز پۈكۈپ ئىتائەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن

بۇ قىز ئۆيىدىكى ئۆزى بىلەن ئۇچراشقانلارنىڭ ھەممى-سىگە تېخىمۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

— مەن ئاتامغا خەت يازايمىكىن دەيمەن، — دېدى ماتىلدا بىر كۈنى يىگىتكە، — ئۇ مېنىڭ ئاتاملا ئەمەس، بەلكى سىرداش دوستۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئالداشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، بۇ سىزگىمۇ، ماڭىمۇ ياراشمايدىغان ئىش.

— يارەببىم! نېمە قىلماقچىسىز زادى؟ — دېدى ژيۇلېن قورقۇپ.

— ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلماقچىمەن، — دېدى قىز جاۋابەن.

— بىراق، دادىڭىز نومۇس ھېس قىلىپ، مېنى قوغلاپ چىقىرىدۇ!

— دادامنىڭ شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقى بار. بىز ئۇنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. مۇبادا شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، مەن سىزنىڭ قولتۇقىڭىز-دىن تۇتىمەن-دە، كۈپكۈندۈزدە ئالدى ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.

ژيۇلېن ئالاقزادە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ھەپتە تەخىر قىلىشنى سورىدى.

— بۈگۈن سەيشەنبە. كېلەر سەيشەنبە كۈنى كەچتە ماركىز ئەپەندى قايتىپ كەلگەندە، خىزمەتكار مانا بۇ

تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدىغان خەتنى ئۆنىڭغا تاپشۇرىدۇ... ئۆنىڭ سىزنىڭ قاچانلا بولمىسۇن گېرتسوگ خانىم بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، شۇڭا ئۆنىڭغا بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك زەربە بولۇشىنى ئويلاپ كۆرۈڭ!

— سىز ئۆنىڭ بىزدىن قانداق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ بېقىڭ دېمەكچىمۇ؟

— مەن ئۆزۈمگە ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، لېكىن مەن قورقمايمەن.

تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان سەيشەنبىمۇ يېتىپ كەلدى. كېچە سائەت 12 بولغاندا موللېر ئەپەندىگە خەت تاپشۇرۇلدى:

*«ئاتىجان!*

*ئارىمىزدىكى ھەممە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر ئۈزۈلدى، پەقەت ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىمىزلا قالدى. يولدىشىمدىن قالسا، سىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن ئۈچۈن دۇنيادا مەڭگۇ ئەڭ يېقىن ئادىمىم ھېسابلىنىسىز. كۆزلىرىم ياشقا تولغان ھالدا سىزگە دەرد ـ ئەلەم تېپىپ بەرگەنلىكىمنى ئويلاپ چەكسىز ئازابلانماقتىمەن. ئەگەر سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز، مەن ھېس قىلىپ تۇرغان ئاجايىپ چەكسىز ئاتىلىق مېھرىڭىز ماڭا ئاز ـ تولا تۇرمۇش خىراجىتى بېرىشنى خالىسا، سىز بۇيرۇغان ھەرقانداق يەرگە، مەسىلەن، شۋېتسارىيىگە*

ئېرىم بىلەن كېتىۋېرىمەن. ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسى شۇنچىلىك تونۇشسىزكى، قىزنىڭىز ۋېرىيېرلىك بىر يا-غاچچىغا كېلىن بولۇپ، سورېل خانىم دېگەن نامغا ئىگە بولغاندا ئۇنى ھېچكىم تونۇمايدۇ. مەن ئۇ ئىسىم - فا-مىلىنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، قەلبىمنىڭ قانچىلىك ئا-زابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز - ھە! مەن سىزنىڭ ھەممە ئەيىبنى ژيۇلېنغا ئارتىپ قويۇشىڭىزدىن قور-قۇۋاتىمەن. ئاتىجان، مەن گېرتسوگ خانىم بولالمايدىغان بولدۇم، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چېغىمدىلا بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئالغانمەن، چۈنكى مەن ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ياخشى كۆرۈپ قالغان. مەن، ئىلگىرى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئىزدەپ، دې. كروئازنۇئا ئەپدىنى ئويلىشىپ كۆرگەنىدىم، لېكىن ئۇ قىزىڭىزغا — قىزىڭىزنىڭ ئارزۇيىغا زادىلا مۇناسىپ كەلمەيدىكەن. سىز نېمىشقا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا، مېنىڭ يېنىمدا مۇشۇنداق بىر ھەقىقىي مۇناسىپ يىگىتنىڭ يۈرۈشىگە يول قويغان-سىز؟ سىز ماڭا «سورېل دېگەن بۇ يىگىت مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم» دېگەنىدى-ڭىزغۇ. ھازىر مەن سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتقان چې-غىمدا، ئۇ بۇ خېتىمنىڭ سىزگە ئازاب ۋە دەرد - ئەلەم كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇددى ماڭا ئوخشاشلا قات-تىق ھەسرەتلەنمەكتە. سىز مېنىڭ ئاتام، شۇڭا سىزنىڭ غەزەپلىنىشىڭىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېنىڭ قولۇمدىن

كەلمەيدۇ. لېكىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، مېنى خۇددى بىر دوستىڭىزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈڭ!

ژيۇلېن ماڭا ئەزەلدىن ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئۇ جەمئىيەتتىكى سىنىپىي پەرققە بىر خىل تۇغما ھالدىكى كۆچلۈك سەزگۈرلۈك بىلەن قا-رايدۇ. مەن بىر كۈنى باغدا ئۇنىڭ بىلىكىنى چىڭ قۇ-چاقلىۋالدىم، مەن بۇ سەۋەنلىكىمنى خىجىللىق بىلەن بوينۇمغا ئالىمەن.

24 سائەتتىن كېيىن — سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە قاتتىق غەزەپلىنىسىز؟ مەن سىزگە ئۇنىڭ سىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قوياي، ئەگەر سىز ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولسىڭىز — سىز ئۇنى ئەمدى قايتا كۆرەلمەيسىز، لېكىن مەن چوقۇم ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن، ھەتتا ئۇ جا-ھاننىڭ ئۇ چېتىگە كەتكەن تەقدىردىمۇ ئىزدەپ بارىمەن! ئەگەر سىز مېھرىبانلىقىڭىز تۈپەيلىدىن تىرىكچىلى-كىمىز ئۈچۈن 6 مىڭ فرانك پۇل بېرىشنى خالىسىڭىز، مەن ئىنتايىن مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن. مۇبادا بۇنى توغرا تاپمىسىڭىز، ئۇ چاغدا ژيۇلېن بېزانسۇنغا ئورۇنلىشىپ، لاتىن تىلى ۋە ئەدەبى-ياتتىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. ئۇ ئىشنى قەيەردىن باشلىمىسۇن، كېيىپ ئېيتىمەنكى، تېزلا نام

*چىقىرىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام ھېچنېمە-دىن غەم قىلمايمەن.*

*ئەگەر ئىنقىلاب بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم كىشىلەردىن بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىدۇ. ماڭا ئۆي-لەنمەكچى بولۇپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىكى بى-رەرسىدىن سىز ئاشۇنداق چوڭ ئۈمىد كۈتەلەمسىز؟ پە-قەت مۇشۇ بىر نۇقتىدىلا، ئۇلار مېنىڭ قەلبىمدە مۇ-ھەببەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلالمايدۇ.... ماتىلدا»*

ماتىلدا ئاتىسىنىڭ دائىم ئەڭ دەسلەپكى تەسىراتىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بى-لەتتى. شۇڭا بۇ خەتنى سەككىز بەت يېزىپ چىقتى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟— دەپ مۇلاھىزە قىلىۋا-تاتتى ژيۇلېن، موللېر ئەپەندى دەل قىزىنىڭ خېتىنى ئوقۇۋاتقان چاغدا — ، بىرىنچىدىن، مېنىڭ بۇرچۇم نېمە؟ ئىككىنچىدىن، مېنىڭ مەنپەئىتىم زادى قەيەردە؟

دەل شۇ چاغدا موللېر ئەپەندىنىڭ قېرى خىزمەت-كارى پەيدا بولۇپ، ژيۇلېننىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى.

— ماركىز سىزنى ھايال قالماي يېنىمغا كىرسۇن دەيدۇ، — دېدى خىزمەتكار ۋە يەنە:

— ئېھتىيات قىلىڭ، ماركىز چېچىلىپ تۇرىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى قوشۇمچە قىلىپ.

ژيۇلېن خانىغا كىرىپ كەلگەندە، ماركىز قاتتىق غەزەپكە كەلگەنىدى. ئۇ ژيۇلېننى شەپقەتسىز تۇردە

سۆكۈشكە باشلىدى.

ژيۇلىېن پۇتۇنلەي «ساختىپەز» درامىسىدىكى باش قەھرىمان تارتيوفنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ جاۋاب بەردى:

— مەن پەرىشتە ئەمەسمەن... سىزگە چىن دىلىمدىن خىزمەت قىلدىم، سىزمۇ ماڭا سېخىيلىق بىلەن ھەق بېرىپ تۇردىڭىز... سىزگە بولغان مىننەتدارلىقىمنىڭ چېكى يوق. مەن ئەمدىلا 22 گە كىردىم... بۇ سارىيىڭىزدا مېنى يالغۇز سىز بىلەن ئاشۇ ئوماق قىزىڭىزلا چۈشەندى....

— گېزەندە! — دەپ ۋارقىرىدى ماركىز، — ئوماق دەمسىز؟! سىز ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىپ، يوقالسىڭىز بولمامتى!

— شۇنداق قىلىشقا ھەرىكەت قىلدىم. شۇ سەۋەبتىن سىزدىن لانگىدوكقا سەپەر قىلىشقا ئىجازەت سورىغانىدىم.

ماركىز قەددى پۈكۈلدى ـ دە، دېۋانغا يىقىلدى. ژيۇلىېن ئۇنىڭ ئېغىر تىنىپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ئۇ ئەسلىدە يامان يىگىت ئەمەس ئىدى.

— شۇنداق، مەن سىزگە ھېچقاچان يامانلىق تىلىگەن ئەمەسمەن! — دېدى ژيۇلىېن ئۇنىڭ ئاۋازدا.

ماركىز بۇ چاغدا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ

قويغاندەك قىلاتتى.

— بۇ نېمە كۆرگۈلۈك! مېنىڭ قىزىم ئەمدى «سورېل خانىم» دەپ ئاتىلامدۇ؟ بۇ نېمە بولغىنى! مېنىڭ قىزىم ماركىز خانىم بولالمايدىغان بولدى! شۇ چاغدا ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىشىڭىز كېرەك ئىدى، ئە-پەندى... ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىش سىزنىڭ بۇرچىڭىز ئىدى... سىز جاھاندىكى ھەممىدىن پەسكەش ئادەملەر-نىڭ بىرى ئىكەنسىز...

ژيۇلېن تاياق يەپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى.

— ئەمدى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ ياكى بۇ ئىشنى خىزمەتكارىڭىزغا تاپشۇرۇڭ. ھازىر سەھەر سائەت بىر بولدى، مەن باغنىڭ نېرىقى چېتىدىكى تام تۈۋىدە ئاي-لىنىپ يۈرىمەن!

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ! — ماركىز ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى.

ئەتىسى ژيۇلېن قۇياش كۆتۈرۈلمەستىلا پارىژدىن چىقىپ خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپ، قاتتىق قول پوپ پىرارنىڭ ئۆيىگە باردى.

بۇ ئارىلىقتا پارىژدا قالغان ماتىلدا ئەقلىدىن ئې-زىشقا تاس قالدى. ئۇ ئاتىسىنى يوقلىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ژيۇلېننىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىر خىل ئا-لىيجانابلىق دەپ ھېسابلاپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

— ئەگەر ئۇ ئۆلگەن بولسا، مەنمۇ بۇ دۇنيادا

ياشىمايمەن، — دېدى ئۇ ئاتىسىغا تەھدىت سېلىپ، — ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سىز سەۋەبچى... ئېھتىمال بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كۈلەرسىز... لېكىن قەسەم ئىچىمەنكى، مەن ماتەم كىيىمى كىيىپ، ئۆزۈمنى ژيۈلېننىڭ تۇل قالغان ئايالى دەپ ئېلان قىلىمەن.

ماتىلدا جاھىللىق قىلىپ ئاتىسى بىلەن تەڭ تۇردى: مەن ژيۈلېننىڭ خانىمى بولىمەن، يا ئۇنىڭ بىلەن شۋېتسارىيىدە ئاددىي ـ ساددا ھايات كەچۈرىمەن، يا بولمىسا پارىژدا بىللە تۇرىمەن.

ئاخىردا، ماركىز ئاچچىقىدىن يېنىپ، ئىچى ئاغرىغاندەك قىزىغا:

— مە بۇنى ئال، مانا بۇ مېنىڭ سىلەرگە ھەر يىلى 10 مىڭ فرانك بېرىپ تۇرىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى ھۆججەت، بۇنى ژيۈلېنغا ئەۋەتىپ بەر.

موللېر خانىم بىلەن ئۆيدىكى باشقىلار ژيۈلېننى يەر ـ مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى دەپ ئويلىشاتتى. ژيۈلېن بولسا پوپ پىرارنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى ۋە قىز بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتى.

پوپ پىرار ماتىلدانىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالغانىدى. پوپ ھەر قېتىم ئۆزىدىن مەسلىھەت سوراپ كەلگەن ماركىزغا ھازىرقى ۋاقىتتا قانۇنىي

نىكاھتىن باشقا ھەرقانداق چارىنىڭ يارانقان پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولاتتى.

ماتىلدا ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاتىسىنىڭ يې-نىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەتتەك سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇلار بەزىدە پۈتۈن پىكىر - خىيا-لىنى بەند قىلىۋالغان بۇ ئىش توغرىسىدا ھەپتىلەپ سۆزلەشمەي قوياتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، ماتىلدا بۇنىڭغا چىداپ بولالماي ئاخىر ئاتىسىغا بىر پارچە خەت يازدى:

— مەن بىر يېرىم ئايدىن بۇيان ژيۇلىېندىن جۇدا بولۇپ ياشاۋاتىمەن. سىزگە بولغان ھۆرمىتىمنى مۇشۇ-نىڭ ئۆزىلا تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. كېلەر پەيشەنبە كۈنىگىچە مەن تۇغۇلغان ئۆيۈمنى تاشلاپ چىقىپ كې-تىمەن. مەن پوپ پىرارنىڭ ئالدىغا بارىمەن. ئۇ بىزنى نىكاھلاپ قويىدۇ. نىكاھتىن كېيىن بىر سائەت ئۆتكەندە بىز لانگىدۇكقا قاراپ يولغا چىقىمىز ۋە سىز ئىجازەت بەرمىگۈچە مەڭگۈ پارىژغا قايتمايمىز. بىراق بىرنەرسى-دىن يۈرىكىم سىقىلىۋاتىدۇ: بۇ ئىشلار سىز بىلەن مەن توغرىسىدا كۆڭۈلسىز لەتىپىلەرنىڭ توقۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. سىزدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، قەدىرلىك ئاتا! كېلەر پەيشەنبە كۈنى بىزنىڭ نىكاھ مۇراسىمى-مىزغا قاتنىشىپ بېرىڭ!

بۇ مەكتۇپ ماركىزنى قاتتىق بىئارام قىلىپ قويـ-
دى. دېمەك، ئۇ بىرەر قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى.

— بۇ بىر چوڭ مەسىلە، — دەپ ئويلىدى ماركىز
موللېر ئەپەندى، — ژيۇلېننىڭ ئەنە شۇنداق قاپ يۈرەك-
لىك قىلىپ قىزىم بىلەن توي قىلماقچى بولۇشىغا
مېنىڭ قىزىمنى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق
كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىدىغانلىقى سەۋەب بولۇۋاتامدىغاندۇ
ياكى ئۇنىڭ 100 مىڭ ئىكولۇق مۇقىم كىرىمىمنىڭ
بارلىقىنى بىلىشى سەۋەب بولۇۋاتامدۇ؟ زادى ئۇ ھەقىقىي
مۇھەببەت تۈپەيلىدىن توي قىلماقچى بولۇۋاتامدىغاندۇ
ياكى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا كۆتۈرۈلۈش ئۈ-
چۈن توي قىلماقچى بولۇۋاتامدىغاندۇ؟

نامراتلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس ئىدى، موللېر ئە-
پەندى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكەتتى، كۈيـ-
ئوغلى ئۈچۈن ئېيتقاندا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.
ئۇ كەسكىن بىر قارارغا كېلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس
قىلىپ، قىزىغا خەت يېزىش نىيىتىگە كەلدى:

*«تەنتەكلىك قىلىۋېرىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ. مانا
بۇ ژيۇلېن سورېل دېلا ۋېرنى ئەپەندىنىڭ ئاتلىق ئەس-
كەرلەر لېيتېنانتلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە يې-
زىلغان ھۆججەت. ژيۇلېن ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى
قىلىۋاتقانلىقىمنى بىر كۆرۈپ قويۇڭ. مېنىڭ ئىرادەم-
گە خىلاپلىق قىلماڭ ھەم مەندىن ھېچنېمىنى*

*سورىمالى. ژيۇلېن 24 سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىپ، ئۆز پولكى تۇرغان ستراسبۇرگقا يېتىپ بارسۇن. مانا بۇ بانكىرىم نامىغا يېزىلغان پۇل چېكى. كېيىمنى ئاڭلاڭ. مەن سىزنىڭ ژيۇلېنىڭىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشىنىپ بولالمىدىم، ئۆزىڭىزمۇ ئۇنى چۈشەنـمەيسىز، تېخى ئۇنى مەنچىلىك چۈشەنمەيسىز. ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئۇ دەرھال ستراسبۇرگقا بارسۇن، ئىمكانقەدەر توغرا يول تۇتسۇن. مەن ئۆز قارارىمنى يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن سىزگە بىلدۈرىمەن.»*

بۇ قەتئىي جاۋاب ماتىلدانى قاتتىق ھەيران قالدۇر-دى. «مەن ژيۇلېننى تېخى چۈشەنمەيمەن.» بۇ سۆزلەر ئۇنى خىيال دەرياسىغا غەرق قىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا ئەھدە قىلدى.

قىز كەچقۇرۇن ژيۇلېنغا ئۇنىڭ ئەمدى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ لېيتېنانتى بولغانلىقىنى ئېيتـ-قاندا، يىگىت بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ كەتتى. ژيۇلېننىڭ ئۆمرىدىكى قارا نىيەتلىرىگە قاراپلا، بىز ھەممىنى تە-سەۋۋۇر قىلالايمىز.

— قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھەممە تۆھپە ئۆزۈمگە مەنسۇپ! مەن ئىبلىستەك مەغرۇر بۇ قىزنى ئۆزۈمنى سۆيۈشكە قانداق مەجبۇر قىلىشنى بىلىمەن، ئاتىسى ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدۇ، مەنسىزمۇ ئۇ بۇ يورۇق دۇنيادا ياشىيالمايدۇ.

ژيۇلېن يەنە سوّرۇن ۋە تەكەببۇر قىياپەتكە كىر-دى ـ دە، ماركىزغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن ئۇ مىننەتدارلىقىنى تولىمۇ مۇجمەل گەپلەر بىلەنلا ئىپادىلەپ توّگەتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئارمىيە بويىچە ئەڭ مۇ-نەۋۋەر پولكلاردىن بىرى بولغان 75 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ستراسبۇرگ شەھىرىنىڭ مەشىق مەيدانىدا مانې-ۋىر ئوّتكۈزدى. ژيۇلېن ئەڭ ياخشى ئىلزاس ئېتىنى مىنىپ مەيداندا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ تەمكىن قىياپىتى، جىددىي ۋە زەردىلىك قاراشلىرى، ئوّگىنىڭ سۇزۇك ۋە ئاقلىقى، ئوّزىنى ۋەزىمىن تۇتۇشى بىرىنچى كۈندىلا ئۇ-نىڭ نامىنى چىقاردى، ئاالتە كۈندىن كېيىن پولكنىڭ جامائەت پىكرى ئۇنى قوللىدى.

ژيۇلېن ستراسبۇرگتىن ۋېرىيېر شەھىرىدىكى يا-شىنىپ قالغان دىندار شېلان ئەپەندىگە خەت يېزىپ ئە-ۋەتتى:

*«هازىر مېنىڭ باياشات ياشاۋاتقانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇرسەن بولىدىغىنىڭىزدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن، ئۇشبۇ مەكتۇپ بىلەن بىللە 500 فرانك پۇل ئەۋەتىلدى. مەن سىزنىڭ بۇ پۇلنى مېنىڭ نامىمنى ئېيتماي، بۇرۇنقىدەك ماڭا ئوخشاش مۇشكۇلچىلىكتە ياشاۋاتقان يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن.*

*بىر چاغلاردا ماڭا ياردەم قىلغىنىڭىزدەك، ھازىر ئۇلار-غىمۇ ياردەم بېرىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك، ئەلۋەتتە.»*

ژيۇلېن شۆھرەتپەرەسلىك ئىچىگە ئەمەس، بەلكى قارا نىيەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى، ئەمما بۇ ھال ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشتە دەخلى قىلمىدى. ئۇنىڭ ئاتلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، خىز-مەتكارلىرىنىڭ كىيىنىشى شۇنچىلىك پاكىز، شۇنچى-لىك رەتلىك، چىرايلىق بولۇپ، ھەيۋەتلىكتە ھەرقانداق ئىنگلىز ئاقسۆڭەكلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. تېخى تۇنۇگۇنلا لېيتېنانت بولغان ژيۇلېن 30 غا كىرىپلا تارىختا ئۆتكەن ھەممە بۈيۈك گېنېراللاردەك پۈتۈن بىر ئارمىيىگە قوماندان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇنىڭ ئۇ-چۈن ئۇ 23 يېشىدا لېيتېنانتلىقتىن يۇقىرىراق ئۇنۋانغا ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

## بىكارغا كەتكەن ئەجىر

ژيۇلېن قارا نىيىتى چېكىگە يېتىپ، خام خىياللار بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەندە، ماركىز موللېر ئائىلىسى-دىكى بىر مالاي ئېلىپ كەلگەن خەت ئۇنى قاتتىق ۋە-ھىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

ماتىلدا ژيۇلېنغا مۇنداق دەپ يازغانىدى:



*«ھەممە ئىش بەربات بولدى. ھېچنېمىگە قارىماي ئىمە-كانىيەتىنىڭ بارىچە تېزدىن كېلىڭ. يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال باغنىڭ يان ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، كىرا پەيتۇنى ئىچىدە مېنى كۈتۈڭ. مەن سىز بىلەن كەپلەشكىلى شۇ يەرگە چىقىمەن. ئېھتىمال سىزنى باغقا ئېلىپ كىرىشىنىڭ يولىمۇ بولۇپ قالار. ھەممە ئىش تۈگىدى. ئۇنى ئورنىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بول-ماسىمىكىن، دەپ قورقىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىز-گە سادىق بولىمەن، سىزنى ياخشى كۆرىمەن.»*

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ژيۇلېن پولكوۋنىكتىن رۇخسەت ئېلىپ ستراسبۇرگتىن پارىژغا قاراپ يول ئالدى، ئۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان تېزلىك بىلەن بەلگىلەنگەن جايغا — باغنىڭ يان ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ باردى، ئىشىك دەرھال ئېچىلدى، ماتىلدا ھېچ-نېمىگە قارىماي ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ھەممە ئىش بەربات بولدى. ئاتام مېنىڭ يىغا-زار قىلىشىمدىن قورقۇپ پەيشەنبىگە ئۆتەر كېچىسى چىممىدە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مانا ئۇنىڭ خېتى، — دېدى قىز ۋە ئارقىدىن ژيۇلېن بىلەن بىللە پەيتۇنغا چىقتى.

*«مەن ھەرقانداق ئىشنى كەچۈرۈشكە رازى، بىراق دۆلەتمەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ئە-تەي سىزنى ئالداپ يولدىن چىقىرىش نىيىتىگە*

*كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ژيۇلېننى كەچۈرۈشكە ھەرگىز را-
زى ئەمەس. بىتەلەي قىزىم، بۇ قورقۇنچلۇق پاكىتلارغا
قارالڭ! سىزگە شان ـ شەرىپىم بىلەن شۇنى سەمىمىي
ئېيتىمەنكى، بۇ ئادەم بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىڭىزغا
مۇتلەق قوشۇلمايمەن. ئۇنىڭ ھەققىدە بەزىبىر مەلۇمات-
لارنى يېزىپ ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىپ يوللىغان
مەكتۇپىمغا جاۋابەن كەلگەن بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.
رېنال خانىمغا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇ داپ يۈزىنىڭ ئۆزى
سەۋەب بولغان. مەن ئەمدى بۇ ئادەمنى تىلغا ئېلىپ
يازغان بىر قۇر خېتىڭىزنىمۇ ئوقۇمايمەن. پارىژمۇ،
سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزمۇ جېنىمغا تەگدى. ئۇ رەزىل
ئىپلاسنىڭ مېھرىدىن كېچىڭ، شۇ چاغدا ئاتىڭىزغا
ئېرىشىسىز.»*

— رېنال خانىمنىڭ مەكتۇپى قېنى؟ — دەپ سو-
رىدى سوغۇققىنا ژيۇلېن.

— مانا، بۇ خەتنى ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىۋالغى-
نىڭىزدىن كېيىن بېرەي دېگەنتىم.

دې. رېنال خانىمنىڭ مەكتۇپى مۇنداق يېزىلغان-
دى:

*«ئەپەندىم! مۇقەددەس دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن ئەخلاقىي
قائىدىلەر ئالدىدىكى بۇرچۇم مېنى سىز ئۇچۇن بۇ ئېغىر
مەجبۇرىيەتنى بېجىرىشكە ئۈندىمەكتە. مەن باشتىن كە-
چۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى پەقەت مەسئۇلىيەتچانلىقىملا*

يېڭەلەيدۇ. بىرنەرسىگە شۇبھە يوقكى، ئەپەندىم، سىزنىڭ مەندىن سۈرۈشتۈرگىنىڭىز ۋە بىلمەكچى بولغىنىڭىز ئالدى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئەخلاقىدۇر، ئۇ ئادەم سىرلىق، ھەتتا دىيانەتلىك ـ دۇرۇس ئادەمدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. بىراق بۇنداق ئەخلاق، سىز سۈرۈشتۈرگەن ئادەمنىڭ ئەخلاقى قاتتىق ئەيىبلەشكە لايىق، بۇنداق ئەخلاقنىڭ يامانلىقىنى سىزگە سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئىنتايىن نامرات ۋە ئاچ كۆز بۇ ئادەم ساختىپەزلىك ھۈنىرىنى ئۆستىلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، بىر ئاجىز ۋە بەختسىز ئائىلىنى ئالداش يولى بىلەن مەلۇم مەرتىۋە ـ مەنسەپكە ئېرىشىپ، ئۆز سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتمەك. چى بولدى. ژيۇلېن ئەپەندىنىڭ ھەرقانداق دىنىي مىزاد. لارغا زادىلا ئەمەل قىلمايدىغانلىقىنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. ۋىجدانەن ئېيتقاندا، مەن شۇنداق دېمەي تۇرالمايمەنكى، بىر ئائىلىدىكى ئەڭ ئې. تىبارلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايالنى تۇرلۇك چارىلەر بىلەن يولدىن چىقىرىش ئۇنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يې. تىشتە قوللىنىدىغان ۋاسىتىلىرىدىن بىرىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرلىك، دەبدەبىلىك ۋە شەخسىيەتسىزدەك ئاڭلىنى. دىغان گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئارقىسىغا بۇ ئائىلىدە ھۆ. كۇمران ئورۇندا تۇرغان ئائىلە باشلىقى ۋە ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشتەك ھەقىقىي مەقسىتى يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ

*كېتىدىغىنى توگىمەس ـ پۈتمەس بەختسىزلىك ۋە مەڭ-*
*گۈلۈك ھەسرەت ـ نادامەتلا، خالاس.»*

كۆز ياشلىرى تېمىۋېرىپ داغلىشىپ كەتكەن بۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مەكتۇپنى ھەقىقىي دې. رېنال خانىم ئادەتتىكىدىن پۈختا يازغانىدى.

— موللىېر ئەپەندىگە زادىلا ئەيىب قويالمايمەن، — دېدى ژيۇلىېن خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بولۇپ، — ئۇ ئاقىلانە ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلغان. قانداق ئاتا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قىزىنى مۇنداق يارامسىز ئا-دەمگە بەرسۇن؟ خەير ـ خوش!

ژيۇلىېن پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى. ماتىلدامۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چاپتى. بىراق ئۇ ئۆزىنى ياخشى تونۇيدىغان ۋە دۇكانلار-دىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ قاراپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئىتتىك باغقا كىرىپ يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

ژيۇلىېن ۋېرىېرغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇ مۇشەققەتلىك يولدا ماتىلداغا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان خېتىنى يازال-مىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قولى خەتكە زادىلا بارمىدى.

ئۇ ۋېرىېرغا يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە يېتىپ بار-دى ـ دە، قورال ساتىدىغان بىر دۇكانغا كىردى، دۇكاندار ئۇنى يېقىندىن بۇيان بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلىكى بى-لەن تەبرىكلىدى. چۈنكى، بۇ يېڭىلىق پۈتۈن شەھەردە

ئالاھىدە بىر خەۋەرگە ئايلانغانىدى.

ژيۇلىيىن دۇكاندارغا ئۆزىنىڭ تاپانچا سېتىۋالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەن دەپ بىرمۇنچە ئاۋارە بولدى. ئاخىر دۇكاندار يىگىتنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئىككى تاپانچىنى ئوقلاپمۇ بەردى. قوڭغۇراق ئۈچ قېتىم داڭ ئۇردى، بۇ فرانسىيىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە ھەممىگە مەلۇم بولغان ئىبادەتنىڭ ھازىر باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ژيۇلىيىن ۋېرىيېرنىڭ يېڭى چېركاۋىغا كىردى. ئىبادەتخانىنىڭ ئېگىز دېرىزىلىرىدە قىزغۇچ پەردىلەر ئېسىلغانىدى. ژيۇلىيىن رېنال خانىم ئولتۇرغان ئورۇندۇققا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا توختىدى، رېنال خانىم چىن دىلىدىن ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنى ئىلگىرى شۇنداق قىزغىن ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇ ئايالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قولى قاتتىق تىترەشكە باشلىدى، ئۇ نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى.

ــ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقىرالمايمەن، ــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ــ بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ.

شۇ چاغدا رېنال خانىم بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ يەلكىسىگە تاشلانغان رومىلىنىڭ چىرايلىق پۆپۈكلىرى بېشىنى توسۇپ تۇراتتى. ژيۇلىيىن بۇ ئايالنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن خېنىم ئىكەنلىكىنى كاللىسىدىن

چىقىرىۋېتىپ تەپكىنى باسقانىدى، ئوق خاتا كەتتى، ئۇ يەنە ئوق ئۈزدى، خانىم يىقىلدى.

ژيۇلىيىن قىمىر قىلماي قېتىپلا قالدى، ئۇ ھېچ-نېمىنى كۆرمەيتتى. ئاز ـ تولا ئېسىگە كەلگەندىن كې-يىن جامائەتنىڭ ئۆرىتۆپە بولۇپ چېركاۋدىن قېچىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پوپمۇ چېركاۋدىن ئايرىلغانىدى. ژيۇلىيىن قىيا ـ چىيا قىلىشىپ چېركاۋدىن چىقى-ۋاتقان ئاياللارنىڭ كەينىدىن ئاستا ماڭدى. تېخىمۇ تېزرەك قېچىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاياللاردىن بىرسى ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتكەنى-دى، يىگىت يىقىلدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، كىمدۇر بىرى ياقىسىدىن سىقتى. بۇ ساقچى ئىدى. ژيۇلىيىن ئىختىيارسىز تاپانچى-سىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋىدى، يەنە بىر ساقچى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

ژيۇلىيىننى تۈرمىگە ئېلىپ بېرىشتى، كېيىن بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قولىغا كويزا سالدى ـ دە، يالغۇز قال-دۇرۇشتى. ئىشىك يېپىلىپ، ئاچقۇچ قۇلۇپتا ئىككى قېتىم بۇرالدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېز ئورۇندالدى. بۇ ئارىلىقتا يىگىت ھېچنېمە سەزمىدى.

— مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى، — دېدى ئۇ ھوشىنى تاپقاندىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋازدا، — خوش، ئىك-كى ھەپتىدىن كېيىن مېنىڭ كاللام كېسىلىدۇ...

ئۇ يەنىلا ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭغا كىمدۇر بىرى كاللىسىنى مەھكەم سىقىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ مېنى بىرەر ئادەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتامدۇ ـ نېمە، دەپ بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. ھەممە جىمجىتلىققا چۆمدى.

## خاتىمە

رېنال خانىم ئانچە ئېغىر يارىلانمىغانىدى. بىرىنچى ئوق ئۇنىڭ شىلەپىسىنى تېشىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ بۇرۇلۇپ قارىشى بىلەن تەڭ ئېتىلغان ئىككىنچى ئوق ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگكەنىدى.

خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە جاراھەتنى تېڭىپ يۈرۈپ داۋالىغان تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى رېنال خانىمغا:

— سىزنىڭ ساقىيىپ كېتىشىڭىزگە تولۇق كې-پىللىك قىلالايمەن، — دېدى، ئەمما رېنال خانىم ئىنتا-يىن غەمكىن ئىدى.

رېنال خانىم خېلىدىن بۇيان ئۆزىگە چىن دىلىدىن ئۆلۈم تىلەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ماركىز موللېر ئەپەندىگە يازغان جاۋاب مەكتۇپىنى پوپ ئۇنىڭغا مەجبۇرىي ياز-دۇرغانىدى، ئارقا ـ ئارقىدىن بېشىغا بەختسىزلىك كەل-گەن ئاجىز ئايال ئۈچۈن بۇ ئاخىرقى زەربە بولدى.

تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ئەمدىلا كېتىشىگە، ئۇ خىزمەتكارى ئېلىزانى چاقىرتتى.

— گۇندىپاي بەكمۇ رەھىمسىز بىر ئادەم، — دېدى ئۇ ئېلىزاغا ئانارەدەك قىزىرىپ تۇرۇپ، — ئېنىقكى، ئۇ ماڭا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى خورلىماي قالمايدۇ.... بۇنى ئويلاپ بەكمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن. سىز شۇ گۇندىپاينىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنۇ كونۋېرتنى بېرىپ كېلەمسىز؟ ئىچىدە بىرنەچچە تىللا بار. سىز ئۇنىڭغا دىنىي ئەقىدىلەر ئەيىبكارغا يامان مۇئامىلىدە بولۇشقا يول قويمايدۇ، دەپ ئېيتىڭ....

دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ژيۇلېن ۋېرىيېر شەھىرىدىكى گۇندىپاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىسىدىن ساقلىنىپ قالدى.

قاماقخانىغا بىر سودىيە قەدەم تەشرىپ قىلدى

— مەن قەستەن ئادەم ئۆلتۈردۈم، — دېدى ئۇنىڭغا ژيۇلېن، — تاپانچىنى قورال دۇكىنىدىن سېتىۋالدىم، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 1342 ـ ماددىسىدا ئېنىق يېزىلغان، قىلمىشىمغا يارىشا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىم ھەقلىق.

سودىيە بۇنداق جاۋاب بېرىش شەكلىدىن ھەيران بولۇپ، قەستەن ھەرخىل سوئاللارنى سورىدى.

— كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىزغۇ، مەن گۇناھىمنى بويىنۇمغا ئېلىۋاتىمەن، — دېدى ژيۇلېن كۈلۈمسىرەپ تۇ-

روپ ئۇنىڭغا، — سىز ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىش يوق، ئەپەندى، ئۆلجىڭىز سىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سىز مېنى خالىغان جازايىڭىزغا ھۆكۈم قىلالايسىز، مەرھەمەت قىلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭ.

ژيۇلېن يەنە ئاخىرقى بىر ئىشنى قىلدى، يەنى ماتىلدا خانقىزغا خەت يازدى:

*«مەن قىساس ئالدىم، مەن ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆلىمەن. مېنىڭ قىساس ئېلىشىم خۇددى سىزدىن جۇدا بولغىنىمغا ئوخشاشلا دەھشەتلىك بولدى. ھازىردىن باشلاپ سىزنىڭ نامىڭىزنى تىلغا ئېلىشنى توختاتتىم. مېنى مەڭگۈ ئېغىزىغا ئالماڭ. سۈكۈت قىلىش — ماڭا ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىز بىردىنبىر يولى. كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە مەن ئاددىي بىر قاتىل، خالاس... مۇشۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە قەلبىمدىكى ئوي - خىياللىرىمنى سىزگە ئېيتىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز، سىز مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ! بۇ مۇدھىش پاجىئە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزدە روماننىزمغا ۋە ھەددىدىن زىيادە تەۋەككۈلچىلىككە ئورۇن بەرمەيدۇ، مەن بۇنى تەبىئىتىڭىزدىن ئېنىق ھېس قىلدىم. سىز ئوتتۇرا ئەسىر قەھرىمانلىرى ئارىسىدا ياشاشقا مۇناسىپ يارىتىلغانسىز، شۇڭا ئاشۇ قەھرىمانلاردەك ئىرادىلىك بولۇشىڭىز لازىم. مەن ئۆلۈپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن كروئازنۇئا ئەپەندىگە تۇرمۇشقا چىقىڭ.*

*مەن سىزگە شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇيمەن، ماڭا ھەرگىز خەت يازماڭ، بەربىر جاۋاب قايتۇرمايمەن. مېنى سۆز-لەشكىمۇ، خەت يېزىشقىمۇ ھېچكىم مەجبۇر قىلالمايدۇ. بۇ ئېھتىمال مېنىڭ ۋەسىيىتىم بولۇپ قالار....»*

ژيۇلېن بۇ خەتنى ئەۋەتكەندىن كېيىنلا بىر ئاز ھوشىغا كېلىپ، بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ بەختسىز-لىككە يولۇققانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بۇ دۇنيادا ئەمدى قىلىدىغان ئىشىم قالمىدى! — ئۇ شۇنداق ئويلاپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

كەچ سائەت توققۇزغا يېقىن گوندىپاي ئۇنى ئويغات-تى، ئۇ تاماق ئېلىپ كىرگەنىدى.

— ۋېرىيېردا ھازىر نېمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ژيۇلېن ئۇنىڭدىن.

— ژيۇلېن ئەپەندى، دوستلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ سىزگە راست گەپنى قىلاي، — دېدى گوندىپاي ساختا ئەمما مۇلايىم قىياپەت بىلەن، — بۇ سىزنىڭ ئاقلىنىد-شىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، رېنال خانىمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولۇپ كەتتى.

— نېمە، ئۇ تېخى تىرىكمۇ؟ — ژيۇلېن ئىختىيار-سىز ۋارقىراپ كەتتى.

— ھە، تىرىك، تېخى خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

گوندىپاي ژيۇلېنغا رېنال خانىمنىڭ ئانچە ئېغىر يارىلانمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، گوندىپاينىڭ

بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ژيۇلېننىڭ كۆزلىرى-دىن ئاستا - ئاستا ياشلار قۇيۇلدى.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ژيۇلېن جىنايەت ئۆتكۈزگەن-لىكىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى، چۈنكى، دەل شۇ چاغدىلا ئۇ پارىژدىن ئايرىلغاندىكى روھىي چۈشكۈنلۈك-تىن قۇتۇلۇپ تولۇق ئېسىگە كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بۇلاق بولۇپ ئاقاتتى. ئۆزىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى.

— بۇ گەپچە ئۇ تېخى تىرىك ئىكەن - دە، — ژيۇ-لېن ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇ مېنىڭ گۇناھىمدىن كېچىش، مېنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن ياشايدۇ....

ئەتىسى يېرىم كېچىدە تۈرمە ساقچىسى كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى. ژيۇلېن ئۆزىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەدەپلىك ساقچىلاردىن بەكمۇ خۇرسەن بولدى. ئۇ بېزاند-سۇن قاماقخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ سوراق قىلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنى ھېچكىم ئىزدىمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى. ئۇ بۇ دې-لونى ئىنتايىن ئاددىي دېلو دەپ ئويلىدى.

— مەن ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا لايىقمەن.

رېنال خانىم بىلەن ماتىلدا خانقىز ۋەھىمىگە چۈ-شۈپ كۈتۈۋاتقان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى.

شەھەرنىڭ غەلىتە تاشقى مەنزىرىسى ئۇلارنى تېپ-
خىمۇ تەشۋىشكە سالماقتا ئىدى. ھەتتا قەتئىي ئىرادى-
لىك فۇكېنىڭ قەلبىمۇ ئازابلىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن
ئۆلكىنىڭ ئادەملىرى بىزانسوڭغا كەلمەكتە ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى بارلىق مېھمانخانىلار
مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى، شەھەر كوچىلىرىدا
بولسا ژيۇلېننىڭ سۈرىتى سېتىلماقتا ئىدى.

سائەت توققۇز بولغاندا، ژيۇلېن قاماقخانىدىن چى-
قىپ سوت بىناسىغا كېتىۋاتقاندا، ساقچىلار ھويلىغا
يىغىلىۋالغان كىشىلەرنى مىڭ تەستە ئاران تارقىتىۋەت-
تى. ژيۇلېن قېنىپ ئۇخلىغانلىقتىن ئۆزىنى بەكمۇ
خاتىرجەم ھېس قىلاتتى، ئۇ گەپ قىلماسلىق نىيىتىگە
كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىپ،
ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ جاكارلى-
نىشىنى چاۋاك بىلەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن كۈتۈپ
تۇرغان ئادەملەر توپىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى.
يىگىت ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇشى ئاممىنىڭ سەممىي
ھېسداشلىقىنى قوزغىغانلىقىنى — قۇلاققا ياقمايدىغان
بىرەر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز ئاڭلىمىغانلىقىنى ھېس
قىلدى.

— بۇ كىشىلەر مەن ئويلىغاندەك شەپقەتسىز ئەمەس
ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ.

زال ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى، ئىشىك ئالدىدا

گەپ تالىشىپ تاكاللىشىپ قالغانلارمۇ بار ئىدى.

ژيۇلېننى كۆرۈشكە ئالدىرىشىۋاتقان كۆزلەر يې- گىتنىڭ ئېگىز سۇپا ئۈستىگە قۇرۇلغان جاۋابكار كۇر- سىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. يىگىتنىڭ قۇلىقىغا ھەيران قالغان ۋە ئېچىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرى ئاڭلاندى.

ژيۇلېن بۈگۈن يىگىرمىگىمۇ كىرمىگەندەك كۆرۈ- نەتتى. ئۇ بەكمۇ ئاددىي، لېكىن بەكمۇ دىت بىلەن سا- لاپەتلىك كىيىنگەن بولۇپ، چاچلىرى بىلەن پارقىراق پېشانىسى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— توۋا خۇدايىم! بەكمۇ ياش ئىكەنغۇ! سۇرىتىگە قارىغاندا كۆپ چىرايلىق!...

مۇۋەققەت باش تەپتىش ئۇنىڭ جىنايىتىنى قەستەن كۆپتۈرۈپ خېلى كۆپ گەپ ساتتى، ژيۇلېن زالنى تولۇق قارشىلىق كەيپىياتى قاپلىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ سوغۇق كەيپىياتى تەدرىجىي يوقالدى.

باش سوتچى خۇلاسە سۆزى سۆزلەۋاتقاندا، يېرىم كېچىدە چېلىنىدىغان قوڭغۇراق چېلىندى.

— مانا مېنىڭ ئاخىرقى كۈنۈم باشلاندى، — دەپ ئويلىدى ژيۇلېن.

شۇ كەمگە قەدەر ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدى. باش سوتچى ئۇنىڭدىن «قوشۇمچە

قىلىدىغان سۆزىڭىز بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىشى بىلەنلا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— زاسىداتىل ئەپەندىلەر، مەن ئەسلىي ئۆلۈم ئالدىدا كىشىلەرنىڭ مەنسىتمەسلىكلىرىگە پەرۋا قىلماسمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق مەنسىتمەسلىككە بولغان نەپ-رەت مېنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. ئەپەندىلەر، مەن سىزلەرنىڭ تەبىقىڭىزلەرگە مەنسۇپ ئەمەسمەن. سىلەر ئۆزىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ئور-نىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگەن ئاددىي بىر سەھرالىقنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر.

مەن سىلەردىن كەچۈرۈشنى تىلىمەكچى ئەمەسمەن، مەن ھېچ نەرسىگە ئۈمىد باغلاۋاتقىنىم يوق، مېنى ئۆ-لۈم كۈتمەكتە. مەن شۇنداق جازاغا مۇناسىپمەن. مەن ئەڭ ئالىي ھۆرمەتكە مۇناسىپ بىر ئايالنىڭ ھاياتىغا قەست قىلدىم. رېنال خانىم ئانىلارچە مېھرىبانلىق بى-لەن بېشىمنى سىلىغانىدى. جىنايىتىم بەكمۇ دەھشەت-لىك بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا مەقسەتلىك قەدەم قويدۇم، شۇڭا مەن ئۆلۈم جازاسىغا لايىقمەن. لېكىن، زاسىداتىل ئەپەندىلەر، گۇناھىم بۇنىڭدىن يېنىك بولغان تەقدىردى-مۇ، مەن بەزىلەرنىڭ، يەنى مېنىڭ ياشلىق دەۋرىمگە ھېسداشلىق قىلىش كېرەكلىكىگە قىلچىمۇ دىققەت قىلمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ مېنى چوقۇم جازالايدىغانلى-قىنى بىلىمەن. ئۇلار يوقسۇللۇقتىن ئېزىلگەن، لېكىن

تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ياخشى مەلۇمات ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان، شۇنداقلا بايلار يۇقىرى تەبىقە دەپ ئاتايدىغان ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ئىچىگە قىسىلىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغان تۆۋەن تەبىقە يىگىتلىرىگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدۇ.

ئەپەندىلەر، مېنىڭ جىنايىتىم ئەنە شۇ. مەن بەكمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن جازالىنىمەن. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە مېنى هازىر مەن بىلەن تەڭ ئورۇندىكى ئادەملەر سوت قىلىۋاتقىنى يوق. مەن زاسېداتىللار ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئادەملەر ئىچىدە بېيىپ كەتكەن بىرەرمۇ دېھقاننى كۆرمىدىم، ھەممىسىلا غەزەپكە كەلگەن مۇلۇكدارلار، خالاس....

ژيۇلېن 20 مىنۇت سۆزلەپ، دىلىدىكى ھەممە گېپىنى ئېيتىۋالدى. مۇۋەققەت باش تەپتىش غەزەپتىن ئورنىدىن سەكرەپ كەتتى، ئەمما بارلىق ئاياللار ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئاخىردا ژيۇلېن ئۆز جىنايىتىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى شۇنداقلا يەنە ئاشۇ بەختلىك كۈنلەردە رېنال خانىمنى قانچىلىك ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قانچىلىك سادىق بولغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى....

كېچە سائەت بىر بولغاندا زاسېداتىللار ئۆز خانىسىغا كىرىپ كېتىشتى. ئاياللارنىڭ بىرەرىمۇ ئۆز جايىدىن قوزغالمىدى، بىرمۇنچە ئەرلەرمۇ ئىسسىق كۆز

ياشلىرىنى تۆكۈشتى. يىگىت ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىنى قوللاۋاتقانلىقىدىن خۇش ئىدى.

سائەت ئىككى بولغاندا، زالدا نارازىلىق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. زاسېداتىللار يىغىلغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. بارون ۋالېنو ئەپەندى ھەممىنىڭ ئالدىدا ھەيۋەتلىك قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەلدى، باشقا زاسېداتىللار ئۆز ۋىجدانى بىلەن ئويلىنىپ، بىردەك ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىشتى. بارون جايىغا كېلىپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى ـ دە، زاسېداتىللار ئۆمىكى بىردەك ھالدا، ژيۇلېن سورېل قاتىللىق جىنايىتى بىلەن، يەنە كېلىپ مەقسەتلىك ھالدىكى قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى، شۇڭا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى، كۆپچىلىك بىردەمدىن كېيىن ھۆكۈمنامىنى ئاڭلايسىلەر، دەپ جاكارلىدى.

ژيۇلېن سائىتىگە قارىدى، سائەت ئىككىدىن چارەك ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىشى ئۇنى ھوشىغا كەلتۇردى. ئەتراپتىكى ئاياللار ھۆكرەپ يىغلاشماقتا ئىدى، ھەممەيلەن تۇۋرۇك يېنىغا قارىدى، ژيۇلېن ماتىلدانىڭ شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى بىلدى.

جازا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كۈنى قۇياشنىڭ ئارامبەخش نۇرىدىن ھەممە ياق چاقناپ

كەتكەن بولۇپ، ژيۇلېن ئۆزىنى دادىل ۋە مەردانە ھېس قىلدى. ساپ ھاۋاغا چىقىش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بىر شېرىن لەززەت بېغىشلىدىكى، ئادەتتە ئۇزۇن سەپەردىن قايتقان دېڭىزچى پەقەت قۇرۇقلۇققا قەدەم قويغان چې-غىدىلا مۇشۇنداق راھەت ھېس قىلاتتى.

— ھېچقىسى يوق، ھەممىسى ياخشى كېتىۋاتى-دۇ، — دېدى ئۇ زور بىلەن ئۆزى ئۆزىگە، — مەندە جاسا-رەت دېگەن ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ تېنىدىن جۇدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان كاللى-سى ھېچقاچان ھازىرقىدەك شېئىرىيەت بىلەن تولمىغا-نىدى.

ھەممە ئىش بەكمۇ ئاددىي، تەرتىپلىك، ھېچقانداق دەبدەبىسىز ئۆتتى.

بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇ فۇكېغا شۇنداق دېگەنىدى:

—روھىي ھالىتىمنىڭ قانداق بولۇشىغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، لېكىن مەندە ھەرگىز قورقۇنچ يوق، ھەر-قانداق ۋاقىتتا چىرايىم تاتارمايدۇ.

شۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ بىر كۈنى فۇكېغا مۇنداق دېدى:

— كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال بىز ئۆلگەندىن كېيىن يەنە تىرىلەرمىز. مەن ۋېرىيېر شەھىرى يېنىدا قەد كۆ-تۈرۈپ تۇرغان تاغدىكى غاردا تىنچقىنا يېتىشنى

خالايمەن. مەن نەچچە قېتىم شۇ غارغا كىرىپ تۇنىگە-
نىدىم، ئۇ يەردە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالسام، فرانسى-
يىنىڭ ئەڭ كۆركەم ۋادىلىرى چىرايلىق ياسانغان هالدا
كۆرۈنەتتى، شۇ چاغدا قەلبىم هاياجاندىن تىترەيتتى!
قىسقىسى، مەن ئۇ غارنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن.
شۇنداق، بېزانسۇندىكى ئاشۇ ئاق كۆڭۈل موناخلار! پۇل
تېپىشتا ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ئەگەر سەن يولىنى
تېپىپ سۆزلەشسەڭ، ئۇلار مېنىڭ جەسىتىمنى ساڭا
سېتىپ بېرىشى مۇمكىن....

فۇكې بۇ مۇدهىش سودىدا ئوڭۇشلۇق كېلىشىم
هاسىل قىلدى. كېچىدە ئۇ ئۆز ئۆيىدە دوستىنىڭ جە-
سىتى يېنىدا يالغۇز ئولتۇرغاندا، بىردىنلا ئىشىك
ئېچىلىپ ماتىلدا كىرىپ كەلدى، ئۇنى كۆرۈپ فۇكې-
نىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ بۇنىڭدىن
بىرنەچچە سائەت بۇرۇن قىزنى بېزانسۇندىن ئون چاقى-
رىم يىراقلىققا ئاپىرىۋېتىپ كەلگەنىدى.

ماتىلدا ئېرىنىڭ جەسىتىنى هايات ۋاقتىدا ئۆزى
تاللىغان قەبرىگە دەپنە قىلدى. بونىفاسىي موللېر بىلەن
ناۋار خانىشىنىڭ هېكايىسى ئۇنىڭغا ئاجايىپ غەيرەت
بېغىشلىماقتا ئىدى. دىنىي خادىملار توپى ئۆلۈك سان-
دۇغىنى ئېلىپ ماڭدى. ماتىلدا بولسا دېرىزىسىگە قارا
پەردە تارتىلغان پەيتۇندا ئۆزى هېسابسىز سۆيگەن قە-
دىرلىك يىگىتنىڭ بېشىنى تىزىغا قويغىنىچە يالغۇز

ئولتۇراتتى، بۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

قاقاس يەرگە جايلاشقان بۇ غار ماتىلدانىڭ ئورۇنلا-شتۇرۇشى بىلەن ئىتالىيىدىن كەلتۈرۈلگەن مەرمەر تاش بىلەن بېزىتىلدى.

ژيۇلېن قەتل قىلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، دې. رېنال خانىم باللىرىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ دۇنيادىن خوشلاشتى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«قىزىل ۋە قارا» رومانىنىڭ ئەسلىي نامى «ژيۇلېن سورېل» بولۇپ، نەشرگە تەييارلانغان بەتنىڭ كوررېك-تورلۇقىنى قىلغاندا ئاپتورى ستېندال ئۇنى سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە «قىزىل ۋە قارا» غا ئۆزگەرتكەن. رو-مانىنىڭ قوشۇمچە سەرلەۋھىسى «1830 ـ يىل خاتىرىسى» دىن ئىبارەت.

فرانسىيىنىڭ كونتې ئۆلكىسىنىڭ ۋېرىيېر شەھە-رىدە 17 ــ 18 ياشلاردىكى ژيۇلېن سورېل ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى بىر ياغاچچىنىڭ ئوغلى ئىدى. ژيۇلېن تېنى ئاجىز بولغاچقا، ئېغىر ئىشلارنى قىلمايتتى، شۇڭا دائىم دادىسى ۋە ئاكىلىرى-نىڭ تىل ـ ئاھانىتىگە قالاتتى. لېكىن ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىللىق، ئۆگىنىشكە ئامراق، تالانتلىق ۋە ئەستە تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن بولغاچقا، ھەتتا لاتىنچە «ئىنجىل» نى سۆزدەك يادلاپ بېرەلىگەچكە، ناپولېئون بوناپارتنىڭ پېنسىيىگە چىققان دوختۇرى ۋە پوپ شېلاننىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىدۇ. ۋېر-يېر شەھىرىنىڭ باشلىقى دې رېنال ئەپەندى سۆلەتۋاز-لىق قىلىپ، نامراتلارنى تەربىيىلەش ئورنىنىڭ باشلىقى

بىلەن يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك تالىشىپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىـ
ـسى تەكلىپ قىلماقچى بولىدۇ، بۇنىڭغا ژيۇلىين سورېل
تاللىنىدۇ.

شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمى نازىنىن، گۈزەل ئايال
بولۇپ، يېشى 30 دىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا كىشىنى
ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئۇ كىچىكىدە موناستىردا تەرـ
بىيە ئېلىپ، 16 يېشىدا شەھەر باشلىقىغا ياتلىق قىـ
لىنغان، توي قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇشى تىنچ ـ خاـ
تىرجەم ئۆتكەن ۋە پەقەت ئۈچ بالىسىنى بېقىش بىلەنلا
بولغاندى. ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن ژيۇلىين
سورېلنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تىنچ ـ
خاتىرجەم تۇرمۇشى ئۆزگىرىشكە باشلاپ، ئۇنىڭ ھېسـ
ـسىياتىدا كۆپ داۋالغۇشلار يۈز بېرىدۇ. بىر مەزگىل
ئۈچرىشىش ئارقىلىق، ئۇ ژيۇلىين سورېل — بۇ تۆۋەن
تەبىقىدىن كېلىپ چىققان سەھرالىق يىگىتنىڭ نەسلى
پەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق،
قىزغىن، سەمىمىي ۋە غەيرەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.
ئۇ، ئېرىنىڭ قوپال ھەم چاكىنىلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن
سېلىشتۇرۇپ، ئويلىمىغان يەردىن ژيۇلىينغا ئاشىق بوـ
لۇپ، مۇھەببەت پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. ئەمما ژيۇلىين
سورېل شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن،
دائىم شەھەر باشلىقىنىڭ كەمسىتىشى ۋە تەنبىھ بېرىـ
ـشىگە ئۇچرايدۇ ـ دە، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە قاـ

رتىۋېلىش ئارقىلىق ئۈچ ئېلىش قارا نىيىتى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر كۈنى كەچتە، ئۇلار يېزىدىكى بىر داچىسىدا سالقىنلاۋاتقاندا، ژيۇلېن سورېل خانىمنىڭ قولىنى تۇيدۇرماستىن تۇتۇۋالىدۇ، خانىمۇ ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرىدۇ. ژيۇلېننىڭ بۇ قېتىم خانىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بويسۇندۇرۇشى ئۇنىڭدا ناپولېئون بوناپارت ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىكىگە ئوخشاش چەكسىز خۇشاللىق ھېسسىياتى پەيدا قىلىدۇ.

ئەمما، كېيىن ئۇ خانىمغا ھەقىقىي ئاشىق بولۇپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاخىردا ئۇلارنىڭ ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئايالىنىڭ خېلى كۆپ مىراسى بولغاچقا، شەھەر باشلىقى دەردىنى ئىچىگە يۇتماقتىن باشقا ئامال قىلالمايدۇ، ئەمما ژيۇلېن سورېلنى بۇ شەھەردىن ھەيدىۋېتىدۇ.

شەھەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ژيۇلېن پوپ شېلاننىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆلكە مەركىزىدىكى بېزانسۇن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ، لېكىن كېيىنچە يەنە ئىنستىتۇتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تۈپەيلىدىن بېزانسۇن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىدىن ئايرىلىپ، پارىژغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ژيۇلېن پارىژدا تىرىلگەن خانىدانلىق ئوردىسىدىكى

مۇھىم ئەمەلدار ماركىز د. موللېرنىڭ ئائىلىسىدە كاتىپ بولىدۇ. ژيۇلېن خىزمەتنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىشلىگەنلىكى ھەم ئەقىللىق ۋە سالماق بولغانلىقى ئۈچۈن، ماركىزنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا، ئۇ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن لوندونغا ئەۋەتىلىدۇ، كېيىن كرېست ئوردېنىغا ئېرىشىدۇ، يەنە پادىشاھپەرەسلەر پارتىيىسى كاتتىۋاشلىرىنىڭ مەخپىي يىغىنىغا قاتنىشىدۇ — بۇ قېتىمقى يىغىندا، پادىشاھپەرەسلەر پارتىيىسىدىكىلەر مۇتلەق پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلايدۇ، ئۇلار ژيۇلېننى خەۋەرنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپ، دۈشمەننى دۆلەت ئىچىگە باشلاپ كىرىشكە ئۇرۇنىدۇ.

ژيۇلېن پارىژدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئاتالمىش «تۈرمۈش سەنئىتى»نى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماركىزنىڭ قىزى ماتىلدا خانقىزنى قوغلىشىش نىيىتىگە كېلىدۇ، بۇ چاغدا ماتىلدا خانقىزمۇ دەل تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، ئەمما تالانت جەھەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان بىرەر يىگىتنى تېپىپ تېگىش ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ كەڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاشنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىشقى مۇھەببىتىنى تولۇپ تاشقان

رومانتىك تۇسكە ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ ژيۇلىيەننى زېرەك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، غەي-رەتلىك يىگىت، ئىستىقبالى چوقۇم پارلاق بولىدۇ، دەپ قاراپ، دەسلەپتە گەرچە ھېسسىيات جەھەتتە دىلىغۇل بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېساباتا يە-نىلا ژيۇلىيەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ماركىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ توي ئىشىغا ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ھەمدە ژيۇلىيەنغا ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ لېيتېنانتى قىلىپ تەيىنلىگەن-لىك توغرىسىدىكى ھۆججەتنى بېرىدۇ. ژيۇلىيەن سورېل 30 ياشلاردا قوماندان بولۇشتەك خىياللارغا غەرق بولغان چاغدا، دې رېنال خانىم يازغان پاش قىلىش مەكتۇپى ئۇنىڭ بارلىق خام خىياللىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋې-تىدۇ. ژيۇلىيەن ئاچچىقىنى باسالماي، تاپانچا سېتىۋېلىپ يۇرتىغا بارىدۇ ـ دە، كۈپكۈندۈزدىلا چېركاۋدا ئىبادەت قىلىۋاتقان دې رېنال خانىمغا قارىتىپ ئوق ئۈزىدۇ، ئۆزىمۇ نەق مەيداندىلا قولغا چۈشىدۇ.

ۋەقەدىن كېيىن، ژيۇلىيەن دې رېنال خانىمغا مەك-تۇپنى پوپنىڭ مەجبۇرىي يازدۇرغانلىقىدىن خەۋەر تې-پىپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ژيۇلىيەن تۈرمىدە ئەرز قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۆلۈشنى تىلەيدۇ. ئۇ ما-تىلدا خانقىزنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشىنى رەت قىلى-دۇ، پەقەت دې رېنال خانىم بىلەن سىردىشىشنىلا

ئويلايدۇ، ئۇ رېنال خانىمدىنلا ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ژيۇلېننىڭ ئاخىر بېشى ئېلىنىدۇ، شۇ كۈنى كېچىدە، ماتىلدا خانىقىز ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن، دې رېنال خانىممۇ بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ.

«قىزىل ۋە قارا» 19 ـ ئەسىر ياۋروپا تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ئەسەر. روماندا باش قەھرىمان ژيۇلېن سورېلنىڭ كۆرەش سەرگۈزەشتىسى ۋە ئاخىرقى مەغلۇبىيىتىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىق مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەشنى چۆرىدەپ، «19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 30 ـ يىلىدىكى فرانسىيە خەلقىنىڭ شىللىسىنى بېسىپ تۇرغان بىرقانچە نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي كەيپىيات» نى كەڭ دائىرىدە نامايان قىلىپ، خانىدانلىقنىڭ تىرىلىش مەزگىلىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەكسىيەتچىللىكى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىكلىكى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ رەزىللىكى، چاكىنىلىقى، پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغانلىقىنى كۈچلۈك سۆكىدۇ. شۇڭا، رومانىڭ ۋەقەلىكى ژيۇلېننىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشىنى ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇھەببەت رومانى بولماستىن، بەلكى خۇددى ئاپتورنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك

«سىياسىي رومان».

ستېندال ئىشقى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەش جەريانىدا مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئۇ ژيۇلېننىڭ ئىككى قېتىملىق مۇ-ھەببەت ۋەقەلىكىنى شۇ دەۋرنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن زىچ باغلايدۇ، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېلىشىد-شىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى. ژيۇلېندا كې-يىنچە دې رېنال خانىمغا نىسبەتەن ھەقىقىي مۇھەببەت پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپتە شەھەر ئا-ھالىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەمەلدارلاردىن ئۆچ ئېلىش روھىي ھالىتىدە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ژيۇلېن خانىمنىڭ قولىنى تۈنجى قېتىم تۇتقاندا، ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى بوناپارتچە شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ غەلىبىسىنى، بىر خىل تەلۋىد-لەرچە خۇشاللىقنى ھېس قىلغان، ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىش روھىي ھالىتى پۈتۈنلەي قانائەت ھاسىل قىلغان.

ئەگەر ژيۇلېننىڭ دې رېنال خانىمنى قوغلىشىشىدا بىر ئاز سەممىي ھېسسىيات بار دېسەك، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ماتىلدا خانقىزغا بولغان «مۇھەببىتى» نوقۇل سىياسىي جەھەتتىكى ئېلىشىشتۇر، ماتىلدا خانقىزدا ھەم ئاقسۆڭەك قىزغا خاس تەكەببۇرلۇق، ئۆز بېشىمە-چىلىق قىلىدىغان ئادەت بار، ھەم ئۇ فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ناۋادا يەنە

بىر قېتىم ئىنقىلاب بولۇپ قالسا، بۇ جەمئىيەتنى چوقۇم ژيۇلېنغا ئوخشاش جۇشقۇن- جاسارەتلىك ئاۋام ياشلار ئىدارە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ژيۇلېن بىلەن ئەر- خوتۇن بولۇپ، ھەم رومانتىك ھاياتقا ئىگە بولۇش، ھەم كۆچلۈك يۆلەنچۈك تېپىش كويىدا بولىدۇ. ئەمما ژيۇلېن بولسا ماتىلدا خانقىز بىلەن توي قىلسام مەر- تىۋەم ئۆرلەپ، بىردىنلا يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشەلەيمەن، دەپ ھېسابلايدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئالداپ- سىلاپ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئايانمايدۇ.

لېكىن، ژيۇلېننىڭ ئىككى قېتىملىق مۇھەببەت- لىشىشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى پا- دىشاھلىق تىرىلگەن بۇ مەزگىلدە، فېئودال كۈچلەر شەھەر ئاھالىلىرى قاتلىمىغا قارشى تېخىمۇ غالجىرانە قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. ژيۇلېن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئادەم بولمىغاچقا، ئۇ سىنىپ ژيۇ- لېنغا ئوخشاش بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنىڭ رې- ئاللىققا ئايلىنىشىغا يول قويمايدۇ.

خۇددى ژيۇلېن ئۆلۈش ئالدىدا تونۇپ يەتكەندەك، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۇنى جازالىشىدىن مەقسىتى ئاقسۆڭەكلەر يۇقىرى تەبىقە دەپ ئاتايدىغان ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە قىسىلىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغان تۆۋەن تەبىقە يىگىتلىرىگە ئىبرەت قىلىش.

ژيۇلېن سورېل پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى تىرىلگەن

مەزگىلدىكى ئېزىلگەن ئۇششاق بۇرژۇئا ياشلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئۇنىڭ هايات سەرگۈزەشتلىرى، ئارزۇ-سى، ئىنتىلىشى، كۈرەش ۋە مەغلۇبىيەتلىرى شۇ مەز-گىلدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش تەرىپىمۇ، مۇرەسسەچىلىك قىلىدىغان تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان بېسىمىدىن، ئۇنىڭ يۇقىرىغا يامىششىنى ئاساس قىلغان قارا نىيىتىدىن پەيدا بولغان. ئۇنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىنى ئەسلەپ تۇرۇشىغا ئۇ دەۋردە ئۇنىڭغا ئوخشاش قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياشلارغا كەڭ ئام-مىۋى ئىشلار سورۇنىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان سان ـ ساناقسىز پۇرسەتنىڭ بولغانلىقى سەۋەب بولغان. ۋەهالەنكى، بارلىق هاياتىي كۈچنى بوغۇپ تاشلىغان پا-دىشاهلىق هاكىمىيىتى تىرىلگەن مەزگىلدە، ئۇ «بىر ئاسىي ئاۋامنىڭ پاجىئەلىك رولى» نىلا ئويناپ، «پۈتۈن جەمئىيەتكە قارشى جەڭ قىلغان بىر بەختسىز ئادەم» بولۇپ قالغان. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ «قانۇنلۇق نوپۇزى» نى مەنسىتمەيدۇ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ساختا ۋە رەزىللىكىدىن نەپرەتلىنىدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ «ئىپ-لاس بايلىق»ىنى نەزەرىگە ئىلمايدۇ. ئۇ جەمئىيەتكە ئۇ-مىدسىزلىك بىلەن قارشى تۇرىدۇ، بۇنداق قارشىلىق گەرچە فرانسىيە خەلقىنىڭ تىرىلگەن جەمئىيەتكە

بولغان قارشىلىق كەيپىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇنداق قارشىلىقتا ئېنىق سىياسىي غايە ۋە نىشان كەم بولغانلىقى ھەم خەلقنىڭ كۈرىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان.

ستېندال روماندا ژيۇلېننىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەق-قىياتىنى تەسۋىرلىگەندە، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ژيۇ-لېننىڭ زىددىيەتلىك خاراكتېرىنىڭ ۋە ئىككى ياقلى-مىلىق ئىنسانىي پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانى-دىكى رولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-قىتتا، ژيۇلېننىڭ زىددىيەتلىك خاراكتېرى بىلەن ترا-گېدىيىلىك تەقدىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆسۈۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى، شۇنىڭدەك قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدىكى مۇرەسسەچىلىكى ۋە تەۋرىنىشچانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. روماندا ژيۇلېن سورېلنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ جىددىي كەيپىياتى نامايان قىلىنىپ، كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا تىرىلىش مەزگى-لىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ جانلىق سۈرىتى سىزىپ بېرىلىش بىلەن، ئەسەر ئېنىق سىياسىي تۈسكە ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنىدۇ.

ستېندال روماندا تىرىلگەن ئاقسۆڭەكلەر

سىنىپىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ۋە كونا كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، «ھېچنېمىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ، ھېچقانداق ساۋاقمۇ ئالمايدۇ». ئۇلار ھەسسىلەپ غالجىرلىق ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن بارلىق كونا تۈزۈم ۋە كونا تەرتىپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. چەت ئەللەردە قېچىپ يۈرگەن ئەكسىيەتچى ماركىز پارىژغا قايتىپ كېلىپ فرانسىيىگە ۋەزىر بولۇپ، گۇرۇھ بولۇپ ئەسكىلىك قىلىش، سۇيىقەست پىلانلاش، چەت ئەلگە باغلىنىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئىنقىلابقا قارشى ئۇزۇل - كېسىل قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە چەت ئەلدە قالغان باشقا ئۆلكىلىك ئاقسۆڭەك دې رېنالمۇ ئىنقىلابقا قارشى تۆرۈشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، پادىشاھلىق تىرىلگەندىن كېيىن شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ، ئۇنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ ئىنتايىن كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ھەتتا ئايالىغا: «مەرتىۋىمىز بىلەن نوپۇزىمىزنى ساقلاپ قالالىساقلا، ئۆيىمىزدە ياشاۋاتقانلاردىن ئاقسۆڭەك بولمىغانلىرى سىمكار ئالغانلا بولسا، ھەممىسى چاكىرىمىز بولىدۇ» دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ؛ ھۆكۈمەت سۆز ئەركىنلىكىنى بوغىدۇ، ئۆكتىچىلەرنى باستۇرىدۇ، خەلقنى شەپقەتسىزلىك بىلەن شىلىۋالىدۇ،

بۇنىڭ بىلەن خەلق كۈن كەچۈرەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، دىلى تىلغا ئالغۇسىز دەرد ـ ئەلەمگە تولىدۇ؛ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ خۇي ـ پەيلى ئوخشاش بولۇپ، ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىدۇ. دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان بولۇپ، خەلقنى كۆزىتىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ خەلقنى جازالايدىغان چومىقىغا ئايلىنىدۇ، خەلقنىڭ بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق تارتىۋېلىنىدۇ. مانا بۇ تىرىلىشنىڭ ئاقىۋىتى.

روماندا خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئىجابىي جەھەتتىن تەسۋىرلەنمىگەن، لېكىن تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان يەنە بىر ئىنقىلاب ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىككى تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. بىر تەرەپتىن، روماندا خەلقنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياد ئېتىدىغانلىقى ناپولېئونغا بولغان تولۇپ تاشقان سىغىنىشى ۋە ھۆرمىتى تەسۋىرلەنگەن، بۇ ھال خەلقنىڭ خانىدانلىقنىڭ تىرىلىشىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقىدەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەردە يەنە ئەكسىيەتچىلەر لاگېرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلەردە ۋەھىمە ئىچىدە قالغانلىقى، خانىدانلىقنى تىرىلدۈرۈشنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرغانلىقىدەك خەتەرنى ھېس قىلغانلىقىنى

تەسۋىرلەش ئارقىلىق، يەنە بىر ئىنقىلاب يېتىپ كې-
لىش ئالدىدىكى جىددىي كەيپىيات نامايان قىلىپ بې-
رىلىدۇ. روماندىكى بۇ تەسۋىرلەر ئىيۇل ئىنقىلابى ھار-
پىسىدىكى فرانسىيىنىڭ سىياسىي كەيپىياتى ۋە ئىج-
تىمائىي ۋەزىيىتىنى ئوبرازلىق ۋە جانلىق ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بېرىدۇ.

تىرىلىش مەزگىلىدىكى بۇرژۇئا كۈچلىرىنىڭ زو-
رىيىشى، بانكىرلار كۈچلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئې-
شىپ بېرىشى شۇ دەۋرنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى بولۇپ
قالىدۇ. بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۆز-
گەرتىلگەن ئىجتىمائىي ئاساسنى بۇگۈنكىگە سىلىش-
تۇرغىلى بولمايدۇ. شۇ چاغدا بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈچلىرى
كۈچەيگەنلىكتىن، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق يەنىلا ئاق-
سۆڭەكلەر بىلەن پوپلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ، لېكىن
«قىزىل ۋە قارا» روماندىن ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ بۇر-
ژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىش ئاساسىغا قۇرۇلمىسا
بولمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. كاپىتالىزمىنىڭ پۇلنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىش قارىشى بىلەن تەڭ قىممەتتە
ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر-
قايسى تەرەپلىرىگە ۋە ھەرقايسى ساھەلەرگە تېخىمۇ
سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەڭ-
شەيدىغان مۇھىم پىشاڭ ۋە مىزان بولۇپ قالغان. بۇ
پرىنسىپ ژيۇلېن ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىمۇ، دې رېنال

ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. ئاپتور بۇنداق ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش مىزانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئەسەرنى تېخىمۇ مول ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ۋە بىرقەدەر يۇقىرى تارىخىي بىلىش قىممىتىگە ئىگە قىلغان.

«قىزىل ۋە قارا» ئۆزىنىڭ ئېنىق بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن ئەسەردە تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك خاراكتېرنىڭ يارىتىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ستېندال ئاڭلىق رېئالىستىك يازغۇچى، ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە ئېنىق رېئالىزم نەزەرىيىسى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. تىرىلىش مەزگىلىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنى چوڭقۇر كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى بىرقەدەر توغرا ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. روماندا پايدىغىلا ئىنتىلىدىغان كىچىك شەھەر ۋېرىيېر، غەمكىنلىك ۋە تېررورلۇق قاپلىغان بېزانسۇن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى، «سۇيىقەست ۋە ساختىپەزلىك مەركىزى» پارىژ قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئېچىپ بېرىلگەن، دەۋر ئالاھىدىلىكى كۆرسىتىلگەن، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تىپىك مۇھىتى ئىپادىلەنگەن ھەمدە ئۇ

مول دەۋر پۇرىقىغا ئىگە قىلىنغان. ستېندال پېرسو-ناژلار خاراكتېرىنى كېڭەيتىش ۋە شەكىللەندۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت مۇھىتى بىلەن زىچ باغلاپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى كېڭەيتىش بىلەن شەكىللەندۈرۈشنى مۇۋاپىق ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. روماندىكى ژيۇلېننىڭ ئوبرازى، شەھەر باشلىقى دې رېنالنىڭ ئوبرازى، ماتىلدا خانقىزنىڭ ئوبرازى تى-پىك مۇھىتتا مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

ستېندال پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدە مۇھىتتىكى روھىي ھالىتىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەشكە ماھىر، بۇ پېرسوناژلار روھىنىڭ ئىچكى ئارزۇسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قى-لىش ئارقىلىق، پېرسوناژلارنىڭ زىددىيەتكە تولغان ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ستېندال كۆپ ھال-لاردا ئەسىرىنى پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى پائا-لىيەتلەرنى مول مەزمۇنلۇق قىلىپ، ئېرىنمەستىن تەسۋىرلەپ يازىدۇ. بولۇپمۇ مۇھەببەتلىك روھىي ھالەت تەسۋىرىنى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چەككۈدەك قىلىپ تېخىمۇ تەپسىلىي يازىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر: «ستېندال بىر خىل ھېسسىياتنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە دىققەت-ئېتىبارىنى بەرگەن، ئۇ ئەنە شۇ ئۇششاق تەپسىلاتلارنى

چوڭايتىش، ھەتتا ئاستا ھەرىكەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق جەۋھەرلىرىنى كۆزەتكەن.... ئۇ بىزنى تېخىمۇ ئاسان چۈشەنسۇن دەپ، روھىي ھالەت پائالىيەتلىرىنى بىزگە سۈنئىي ئاستىلىتىپ كۆرسەتكەن» دەيدۇ (ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى سۋېگىنىڭ سۆزىدىن). مەسىلەن، ئەسەردە ژيۇلىيننىڭ دې رېنال خانىم يازغان پاش قىلىش مەك-تۇپىدىن خەۋەردار بولۇشىدىن تاكى دې رېنال خانىمنى ئېتىپ تاشلىغۇچە بولغان ۋەقەلىككە ئاپتور ئۈچ بەتلا ئورۇن بەرگەن، ئەمما ئۇنىڭ ماتىلدا خانقىز بىلەن بول-غان مۇھەببەت ۋەقەلىكىگە 100 بەتتىن ئارتۇق ئورۇن بېرىپ ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن. دې رېنال خانىمنىڭ مۇھەببەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان چاغدىكى مۇرەككەپ روھىي ھالىتىگە كىشى تېخىمۇ بارىكاللا ئېيتىدۇ. س-تېندال ئاساسلىقى ئۆز ئەسەرلىرىدە روھىي ھالەتنى ئا-جايىپ تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، «ھازىرقى زامان ھې-كايىچىلىقىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان.

بۇنىڭدىن باشقا، رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىخچام ئورۇنلاشتۇرغان. پۈتۈن كىتاب 71 باب بولۇپ، باش ـ ئاخىرى باغلانغان، ئازراقمۇ چۇشۇرۇپ قويۇلغان، ۋەقەلىكى ئۈزۈپ تاشلانغان جايلار يوق. بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى ژيۇلىين-نىڭ شەخسىي كۆرەش تارىخى ئاساس، دې رېنال خانىم ۋە ماتىلدا خانقىز بىلەن بولغان ئىككى قېتىملىق مۇ-

ھەببەتلىشىش جەريانى ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىيا-
تىغا تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قى-
لىنغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ئارىدا ۋېرىيېر
شەھىرى، بېزانسۇن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى، پارىژدىكى
ماركىز مەھكىمىسى — ئۈچ تىپىك مۇھىتنى تاللاپ،
19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى فرانسىيە جەمئىيە-
تىنىڭ ئاساسىي قىياپىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ
كۆرۈنۈشىدىكى ئالمىشىشنى ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە
قىلغان.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان كاپىتالىس-تىك دۆلەتلەردە يېڭى ئەدەبىيات ئېقىمى — تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى ھەمدە تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن ياۋروپانى قاپلىغان «19 ـ ئەسىردىكى ئا-ساسىي، يەنە كېلىپ ئەڭ كۆركەم، ئەڭ پايدىلىق» ئەدە-بىيات ئېقىمىغا ئايلاندى.

بۇنداق تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىيات ئېقىمى كاپىد-تالىزم بەرپا بولغان، تەرەققىي قىلغان مەزگىلنىڭ مەھسۇلى، شۇ دەۋردىكى داۋالغۇپ تۇرغان مۇرەككەپ جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئەينەن كارتىنىسى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدە كاپىتالىزم كۈچلىرى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، بۇرژۇئا ھاكىمىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. فرانسىيىدە، 1830 ـ يىلى ئىيۇل ئىنقىلابى پارتلاپ، بوربون خانىدانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىيۇل خانىدانلىقى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، ئاساسىي ئىجتىمائىي زىددىيەت بولۇپ قالغانىدى، لېكىن بۇرژۇئازىيە بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ ئاخىرلىشىشتىن تېخى كۆپ يىراق ئىدى، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دىنىي جەمئىيەت كۈچلىرى ئۆز تەقدىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە بىلەن تىركىلىش ۋە تىركىلىشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت كەسكىن كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 — 40 ـ يىللىرىغىچە غەربىي ياۋروپادا پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر مىسلىسىز گۈللەندى، بولۇپمۇ نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسى بىلەن فرانسىيىنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمى قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى بولۇپ شەكىللەندى. ساينت سىمىن، فۇرىيې ۋە ئوۋېن ۋەكىللىكىدىكى خىيالىي سوتسىيالىزم

كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى تەنقىد قىلىپ، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى بىلەن زىددىيەتنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ، تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتتى.

غەربىي ياۋروپادىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى دەل مانا مۇشۇ ئالاھىدە تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كۇنسايىن كەسكىنلىشىشى رومانتىزمنىڭ جەمئىيەتكە بولغان ئابستراكت قارشىلىقى ۋە كەلگۈسى غايىگە بولغان قۇرۇق مۇراجىئىتىنى دەۋرنىڭ تەلىپىنى زادىلا قاندۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ رېئال تۇرمۇشنى ھەقىقىي بايان قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى قايتا نامايان قىلىدىغان، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ۋە تىرىشىپ ئاشكارىلايدىغان رېئالىزم ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى.

«قىزىل ۋە قارا» — تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىغا خاس تۇنجى مەشھۇر ئەسەر، ستېندالنىڭ «قىزىل ۋە قارا» رومانىنىڭ «1830 ـ يىل خاتىرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىرقەدەر ئېنىق قوشۇمچە سەرلەۋھىسى بار، بۇ ئاپتورنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە چۈۋۇلچاق ۋە تېتىقسىز بىر ھېكايىنى ئەمەس، بەلكى 19 ـ ئەسىرنىڭ

20 — 30 ـ يىللىرىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەـ
قىقىي ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى
چۈشەندۈرىدۇ.

ئەسەر بوربون خانىدانلىقىنىڭ يوقىلىش ئالدىدىكى
بىرقانچە يىللىق ئەھۋالىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

ئاشۇ بىرقانچە يىلدا، ئىنقىلاب بورىنى يېتىپ كېـ
لىش ئالدىدا، ئۆششاق بۇرژۇئازىيە بوربون خانىدانلىقىـ
دىن نارازى بولىدۇ؛ ئەمگەكچى خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىـ
تى كۈنسايىن كۈچىيىدۇ؛ ئاشۇ بىرقانچە يىل فېئودال
ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئۈچۈنمۇ ئەڭ قاراڭغۇ بىرقانچە يىل بولىدۇ، ئۇلار بىر
تەرەپتىن ئىنقىلابقا چەكسىز ئۆچمەنلىك قىلىدۇ ۋە
ئىنقىلابتىن قورقىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار بىر ـ
بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ ھەم ئۆزئارا پۇت تېپىـ
شىدۇ.

«قىزىل ۋە قارا» رومانىدا ژيۇلېن سورېلنىڭ يۇـ
قىرىغا يامىششىنىلا ئويلايدىغان شەخسىي كۈرىشى ئاـ
ساسىي يىپ ئۈچى قىلىنىپ، ئىيۇل ئىنقىلابىنىڭ
ھارپا كېچىسىدىكى كەسكىن سىنىپىي كۈرەش، بولۇپمۇ
فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تىرىلىش كۈچى بىلەن بۇرـ
ژۇئازىيىنىڭ تىرىلىشكە قارشى تۇرۇش كۈچى ئوتتۇرـ
سىدىكى ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش كەڭ دائىرىدە ناـ
مايان قىلىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەر

ئۇستىدىن غەلىبە قىلىدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە بۇ جانلىق، كونكرېت جەريان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

ژيۇلىن سورېل: پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى تىرىلگەن مەزگىلدىكى ئېزىلگەن ئۇششاق بۇرژۇئا ياشلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئۇنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ئارزۇ-سى، ئىنتىلىشى، كۈرەش ۋە مەغلۇبىيەتلىرى شۇ مەز-گىلدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش تەرىپىمۇ، مۇرەسسەچىلىك قىلىدىغان تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان بېسىمىدىن، ئۇنىڭ يۇقىرىغا يامىشىشنى ئاساس قىلغان قارا نىيىتىدىن پەيدا بولغان. ئۇنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىنى ئەسلەپ تۇرۇشىغا ئۇ دەۋردە ئۇنىڭغا ئوخشاش قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياشلارغا كەڭ ئام-مىۋى ئىشلار سورۇنىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان سان ـ ساناقسىز پۇرسەتنىڭ بولغانلىقى سەۋەب بولغان، ۋەھالەنكى، بارلىق ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ تاشلىغان پا-دىشاھلىق ھاكىمىيىتى تىرىلگەن مەزگىلدە، ئۇ «بىر ئاسىي ئاۋامنىڭ پاجىئەلىك رولى»نىلا ئويناپ، «پۈتۈن جەمئىيەتكە قارشى جەڭ قىلغان بىر بەختسىز ئادەم»

بولۇپ قالغان. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ «قانۇنلۇق نوپۇزى»نى مەنسىتمەيدۇ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ساختا ۋە رەزىللىكىدىن نەپرەتلىنىدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ «ئىپلاس بايلىق» ىنى نەزەرىگە ئىلمايدۇ. ئۇ جەمئىيەتكە ئۇمىد-سىزلىك بىلەن قارشى تۇرىدۇ، بۇنداق قارشىلىق گەرچە فرانسىيە خەلقىنىڭ تىرىلگەن جەمئىيەتكە بولغان قار-شىلىق كەيپىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل قارشىلىقتا ئېنىق سىياسىي غايە ۋە نىشان كەم بولغانلىقى ھەم خەلقنىڭ كۈرىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان.

شەخسنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت شەخسىيەتچىلىك خاراكتېرى قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپلا قالماس-تىن، بەلكى قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ھۆكۈمران سى-نىپنىڭ ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولغاندا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ژيۇلېن سورېل دەل ئەنە شۇنداق ئادەم، ئۇنىڭغا چەۋاند-دازلىق نامى ۋە لېيتېنانتلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىل-گەندە، كېيىنكى كۈنلەردە قوماندانلىقتا ئۆسۈشنى، خو-جايىنىغا قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قى-لىشنى ئويلايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى قارشى تۇرۇش ئېڭى ئاساسەن يوقىلىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

ئەسەردىكى تىپىك مۇھىتتا تىپىك ئوبرازنى يارىتىش ئۇسۇلى بىلەن پېرسوناژنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش، ئەسەردىكى مۇھىت بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئاپتورنىڭ ئۈچ تىپىك مۇھىت — ۋېرىيېر شەھىرى، بېزانسۇن ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى، ماركىز مەھكىمىسى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ دەۋر قىياپىتىنى قانداق قىلىپ قايتا نامايان قىلغانلىقىنى چۈشىنىش؛ «قىزىل ۋە قارا» رومانىدىن مەركىزىي پېرسوناژنى ۋەقەلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يىپ ئۇچى قىلىشتەك قۇرۇلما ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش كېرەك: روھىي ھالەت تەسۋىرى بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، شۇڭا پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىش لازىم.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# قىزىل ۋە قارا

ستېندال [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى

شىن  نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇبارەك غاپپار

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-927-9

9 787806 589274 >

ISBN 7 - 80658 - 927 - 9

باھاسى: 7.50 يۈەن